
مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



# MIRAS 美拉斯

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

ميراس

4
2009


ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىغىپ ساقلىغۇچى گىگانت - ئەخمەت تۆمۈر ئەپەندى
# يىغىپ ساقلاۋاتقان ئاسارە - ئەتىقىلەر








# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2009 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 114 ـ سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

يەر شارىلىشىش مۇھىتىدىكى مەدەنىيەتلەر دىئالوگى ۋە مەدەنىيەتتىكى
ئۆزلۈك ئېڭى ........................ ھەبىبۇللا قادىر (2)
خوتەن گىلەملىرىدىكى مەنزىرە ۋە ئوبراز نۇسخىلىرى ..............
............................ سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق (43)
تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كاگچىلىق مەدەنىيىتى ..................
.................... راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، زەيتۇنگۈل ئابدۇراخمان (54)
سىرىق ماي ۋە ئۇنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئايرىش ..................
........................... دىلشات ھەبىبۇللا، مۇھەممەد ئىمىر (76)

## يوروق يۇلتۇزلار

مانا بۇ ئەخمەت تۇمۇر ........................ بەگمەت يۇسۇپ (15)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

دادام ئېيتقان چۆچەكلەر ............ توپلىغۇچى: رىسالەت خالىق (22)

## ئادەت قېرىماس

كىلياگىلىقلارنىڭ چۈش ئۆرۈش ئادىتى ..........................
.............................. توخسۇن ھۆسىين ئەلقۇت (26)
ئەجدادلارىدىكى باش كىيىم ئىزچىللىقى.... ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (28)



باش مۇھەررىر:
**ۋاھىتجان غوپۇر**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

«يامان بولدۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار .......... ئەركىن سابىر (49)
ئۇيغۇرلاردا داستىخان مەدەنىيىتى ۋە تەلىم ـ تەربىيە ..............
.............................................. شەرىپە ئابدۇغوپۇر (65)
كۈچا نانلىرى .......................................... قۇربان كېبىر (71)

## دۇنياغا نەزەر

ئۇپۇقتا چاقنىغان دوستلۇق ........................ قايىنام جاپپار (40)

## كۆلكە ــ جان ئوزۇقى

چاقچاق بىلەن ئۆتكەن ھايات ..........................................
........................................................ ئابدۇرۇسۇل سېيىت (58)

## ئاداش ـ ئاداش بولايلى

ئۇيغۇر باللار ئويۇنلىرى توغرىسىدا..........................................
.......................................................... مۇختار ياقۇپ (72)

---

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ

1 ـ 4 ـ بەت مۇقاۋا رەسىملىرىنى **ئەكبەر تۇرسۇن** سىزغان
(قەشقەر سەنئەت مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)
مۇقاۋىنىڭ 2 ـ، 3 ـ بېتىدىكى سۈرەتلەرنى **قايىنام جاپپار** تەمىنلىگەن

ئىچ بەتتىكى قىسمەن سۈرەتلەرنى **مەتتوختى بارات** تەمىنلىگەن

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

总编：
**瓦依提江·吾甫尔**
副总编：
**穆合塔尔·穆罕默德**
(法人代表)
编缉：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
本期责人编缉：
**胡尔仙阿依·买买提明**

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:**58—60**
**E_mail**: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# جۇڭگو شىنجاڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىنىڭ دۇنياغا مۇراجىئەتنامىسى

ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن بۇ تەنتەنىلىك ھۆججەتكە ئىمزا قويۇۋاتقان بارلىق جۇڭگو شىنجاڭ يازغۇچىلىرى، سەنئەتكارلىرى ئەخلاق، ھەققانىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا تۇرۇپ، قەلب سادايىمىزنى پۈتۈن دۇنياغا ئەستايىدىل ھالدا مۇنداق جاكارلايمىز:

2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئېغىر زوراۋانلىق جىنايى ۋەقەسى، گۇناھسىز گىراژدانلارنىڭ ئۆلۈش، يارلنشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەر قەلبىنى ئازابلىق ئىس ـ تۈتەكلەرگە مۇپتىلا قىلدى. بۇ غايەت زور ئېراگېدىيە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يۈرىكىگە ئۆتكۈر شەمشەر بولۇپ قادىلىپ ۋە ۋۇجۇدلارنى ئازاپلاپلا قالماي، پۈتۈن مەملىكىتىمىز ھەتتا، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ئېزگۈ نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتتى.

زوراۋان تېرورچى ئۇنسۇرلارنىڭ قىلمىشى، ئەڭ تىپىك بولغان ئادىمىيلىك ۋە ئىدراكتىن مۇستەسنا ۋەھشىيلىكنىڭ نامايەندىسى، ئالۋاستىلارچە ئىش ـ ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىگۇناھ گىراژدانلارنى قالايمىقان ئۆلتۈرگەن بۇ بىر توپ تopپىلاڭچىلار بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ دۈشمىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۈشمىنى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىدۇر.

ۋەقەنىڭ ھەقدارى ۋە شاھىدى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ توپىلاڭچىلار ۋە جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. پۈتۈن دۇنيادىكى ئاقكۆڭۈل ھەم تىنچلىقنى سۆيىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىردا ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىق ئايرىيالايدىغانلىقىغا، چېگرا سىرتىدىكى رابىيە ۋە «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان تۇتۇرۇقسىز سۆزلىرىگە چىن پۈتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. رابىيەگە ئوخشاش ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە بىلىمى يوق بىر شەخسنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇشقا ھېچقانداق سالاھىيىتى يوق. توپىلاڭچىلار نادان ـ ئەقىلسىزلەرنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشى مۇمكىن، لېكىن تېرروررچىلار ئەلنىڭ رايى، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى مەجبۇرلىيالمايدۇ. بىز تەنتەنىلىك ھالدا شۇنى جاكارلايمىزكى: جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە 56 مىللەت بىر چوڭ ئائىلىنى تەشكىل قىلغان. بىزنىڭ مەنۋى ئانىمىز پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدۇر.

ئۆزئارا مۇھەببەت بولمىسا، ئىنسانىيەتمۇ بولمايدۇ. تېرروررىزمنىڭ مەقسىتى خەلقنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى دەپسەندە قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇھەببەت ھەم ئىشەنچ رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش، ئىنسانىيەتنى مىللىي قارشىلىق ۋە مىللىي قىرغىنچىلىقنىڭ چوڭ تۇزىقىغا ئىتتىرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ قېتىم، ئەلۋەك ياز پەسلىدە ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن زوراۋانلىق جىنايى ۋەقەسى مۇھىم بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئىنسانىيەتنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا بولغان بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك سىناق ۋە تەربىيىدۇر.

بۇ قېتىملىق ۋەقە ھەرگىزمۇ مىللىي ۋە دىنىي مەسىلە ئەمەس. بىز ئۇلۇغ يىپەك يولىدا، تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن مىللەتلەر ئورتاق ياشاپ كېلىۋاتقان شىنجاڭدا تۇرمۇش كەچۈرمەكتىمىز. بۇ يەردە ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل زېمىن، ئۇزاق تارىخ، پارلاق مەدەنىيەت بار، بۇ يەر شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۇچۇرىشىدىغان ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان تۈگۈن، بۇ گۈزەل دىيار ئىنسانىيەتنىڭ تۆت چوڭ مەدەنىيىتىنىڭ يەر شارىدىكى بىردىنبىر قوشۇلۇش ھەم يۇغۇرۇلۇش رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ شىنجاڭدىكى تۇرمۇشىمىز بەختلىكتۇر، چۈنكى بىز ئىنسانىيەتنىڭ يېتۈكلۈكى ۋە مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئىجاد قىلىپ كەلمەكتىمىز. شىنجاڭ يىپەك يولىدىكى «كۆپ مىللەتلەرنىڭ غايەت زور قوشۇلۇش ـ يۇغۇرۇلۇش مەيدانى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ، بۈگۈنكى دۇنياغا مەدەنىيەتتىكى كۆپ خىللىقنى يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئىناقلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىنىمۇ كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان بۇ مىنۇتلاردا، بىز زوراۋانلىقنى ئەيىبلەش بىلەن بىرگە، دوستلۇق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق قىممەت ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ مۇھىملىقىغا بارغانچە ئىشىنىپ بارماقتىمىز. ئادەم بىلەن ئادەم، مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى، ھۆرمەتنى، ئىتتىپاقلىقنى دەۋەت قىلماقتىمىز. ئېغىر كۈنلەردە دوستانىلىك بىلەن مۇھەببەت تېخىمۇ بىلىنىدۇ، بۇنداق ھېكايىلەر مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىلا يەردە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇردى. زوراۋانلار قاتتىق جازالىنىشى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھى تەسەللى تېپىشى، ھايات قالغانلار تېخىمۇ ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك. ساپ قەلبىمىز بىلەن ئۆزئارا تەسەللى بېرىشەيلى، شۇنداق بولغاندا كەلگۈسىمىز تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.


بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلدۇقكى، ھازىرغىچە بەزى غەرب ئاخپارات ۋاستىلىرى ئېلىمىزنىڭ ساپ ئىچكى ئىشى بولغان بۇ ۋەقە ھەققىدە قالايمىقان غۇدۇراپ يۈرمەكتە، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ بارماقتا. بىز ئۇلارغا شۇنى مۇراجىئەت قىلىمىزكى، قېنى، سىلەر مەرھەمەت قىلىپ شىنجاڭغا كېلىپ كۆرۈپ، ئاڭلاپ ۋىجدان ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇڭلارنى ئۆلچەپ بېقىڭلار.

گەرچە 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكىدەك ئېغىر زوراۋانلىق جىنايى ۋەقەسى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ شىنجاڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شىنجاڭنىڭ بەھەيۋەت گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۈرۈمچىنىڭ گۈزەل ئەتىسىگە مەڭگۈ قارا سايە تاشلاپ بولالمايدۇ. ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە ئەمىنلىك، بېپايان دىيارىمىزغا ئىناقلىق ـ ئامانلىق، ھەر بىر كۈنلىرىمىزگە ئاسايىشلىق، بەخت ـ سائادەت تىلەيمىز. مۇھەببىتىمىز ئارقىلىق كۆڭۈللەرنى تەسكىن ئېتەيلى، شەھىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەيلى، شىنجاڭنىڭ جەزىبدار ۋە گۈزەللىكىنى قايتا نامايان قىلايلى. ئىس ـ تۈتەكلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۈرۈمچىنىڭ ئاسمىنى ئاۋۋالقىدەكلا كۆپكۆك ۋە ئاپئاق بۇلۇتلۇق ھالەتكە كېلىدۇ، قۇياش تەبەسسۇم بىلەن ئىللىق نۇرىنى چاچىدۇ. بىزمۇ ئىلگىرىكىدەكلا شوخ كۈلكە ۋە قىزغىن كۆڭۈل ـ كۆكسىمىز بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن دوستلارنى كۈتۈۋالىمىز.

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# يەر شارىلىشىش مۇھىتىدىكى مەدەنىيەتلەر دىئالوگى ۋە مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭى

**ھەبىبۇللا قادىر**

### مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

دۇنياۋى مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەر شارىلىشىش ھەققىدىكى سىستېمىلىق تەتقىقات 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى باشلىنىپ 90 ـ يىللىرى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ جەرياندا يەر شارىلىشىش ئۇقۇمى ئاساسەن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇقۇمغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بولمىغان پەنلەر نۇقتىسىدىن يەر شارىلىشىش ئۇقۇمى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنى، ئىپادىلىرى، ئاقىۋىتى ۋە ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى مۇناسىپ تەدبىرلەر ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراشلار، نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شۇ ئارقىلىق يەر شارىلىشىش تەتقىقاتىغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان نەزەرىيىۋى سىستېمىلارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى.

ئەگەر تارىخقا قىسقىچە نەزەر سالىدىغان بولساق، ياۋروپادا يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ شەرق ئەللىرىنىڭ دۇنياۋى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە بىردىنلا پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئاساسي بەلگە قىلىپ، غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى، سانائەتلىشىشىنى، زامانىۋىلىشىش ۋە ئۇچۇرلىشىشىنى ئاساسي ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلغان يەر شارىلىشىش ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشى جەرياندا غەرب ئەللىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا زور سەكرەش پەيدا قىلىپ، پۈتكۈل دۇنياۋى تەرەققىياتنىڭ يۆنىلىشىنى يېڭى بىر دەۋرگە ئېلىپ كىردى. يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشىدىن كېيىن دۇنيا تارىخىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات تىزگىنى ئۇزاق تارىختا، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە شەرق ئەللىرىنىڭ قولىدىن بىراقلا غەرب ئەللىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. گەرچە شەرق ئەللىرىنىڭ تاكى يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىشىغا قەدەر دۇنيا تارىخىغا قالدۇرغان شۆھرەتلىك سەلتەنەت ئىزلىرى ھەققەتەن ئۇزاق بولسىمۇ، لېكىن غەرب ئەللىرىنىڭ تەسىر جەھەتتىكى مىسلىسىزلىكى شەرقنىڭكىدىن كۆپ ھالقىپ كەتتى. يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ ئايىغى

تەگمىگەن ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى بىلەن ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق جۇغراپىيىلىك مەنىدىكى
يەر شارىلىشىش، دۇنياۋىلىششىنىڭ بەلگىسىنى تۇرغۇزغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ياۋروپانى بەلگە قىلىپ باشلانغان
پۈتكۈل غەرب ئۆزىنىڭ پەلسەپۋى، ئەقلىي بىلىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە مىسلىسىز يېڭىلىققا كۆ
چۈشتەك يۈكسىلىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن يەنە شۇنىڭغا ئەگىشىپ ياۋروپانى مەركەز
قىلىپ يۈز بەرگەن دىنىي ئىسلاھات، مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى، مۇستەملىكىچىلىك، سانائەت، پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە
سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىش، ئۇچۇرلىشىش قاتارلىق بىر يۈرۈش تارىخىي خاراكتېرلىك زور ۋەقەلەر غەرب كاپىتالىز-
مىنىڭ دۇنياۋى مىقياسىدا كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا، خېلى كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى كۈندىكى يەر
شارىلىشىش ھادىسىسى غەربنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، بۇ يەردىكى «شەرق» ۋە
«غەرب» ئۇقۇمى يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىنكى پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا يۈز بەرگەن غەرب كاپىتالىزمىنىڭ غە-
لىبىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئاللىبۇرۇن جۇغراپىيىلىك تەرەپ چۈشەنچىسىنى بىلدۈرىدىغان
ئۇقۇم دائىرىسىدىن ھالقىپ، روشەن سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە تۈسىگە ئىگە ئۇقۇمغا ئايلاندى.
ھەممىگە ئايانكى، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى ھەر خىل قوۋملار
ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشى، تارقىلىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر خىل قا-
نۇنىيەتلىك تەرەققىيات لىنىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەينى دەۋردىكى يۇنان مىسىردىن ئۆگەنگەن، رىملىقلار يۇنانلىق-
لاردىن ئۆرنەك ئالغان، ئەرەبلەرمۇ رىم ئىمپېرىيىسىدىن ئۈلگە ئالغان، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپالىقلارمۇ يۇنانغا
تەقلىد قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان تارىختىكى مەشھۇر سودا قانىلى ـــ
يىپەك يولىمۇ دەل خىلمۇخىل مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە شۇنداقلا مۇقەررەر مەھسۇلى. بۈگۈنكى كۈندىكى
يەر شارىلىشىش دولقۇنىغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەتلەر دىئالوگىمۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقان-
دا، مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال ئالاقە ئېھتىياجلىرىدىن شەكىللەنگەن بىر خىل ھادىسە. ئەمما، يۇقىرىدا
ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدىكىدەك، بۈگۈنكى كۈندىكى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال ئۇچرىشىش، قوبۇل قىلىش
ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەتلەر دىئالوگى مەيلى ماكان ۋە زامان بوشلۇقى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى مەدەنىيەت
ئالاقىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە ياكى ئەندىزىسى جەھەتتىن بولسۇن تارىختا مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن ھەرقانداق شەكىلدىكى
مەدەنىيەت دىئالوگلىرىدىن ماھىيەت يېقىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. بۇنى قىسقا قىلىپ تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا يە-
غىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، شەكىللىنىشتىكى بىۋاستە تارىخى، ئىجتىمائىي مەنبەسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يەر شا-
رىلىشىشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ھادىسە غەرب يېقىنقى زامان پەن ـ تېخنىكا، ئۇچۇر سانائىتى، مۇستەملىكىچىلىكنى ئا-
ساسىي ۋاستە قىلىپ كېڭەيگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ئېيتىم رامكىلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر؛ ئىككىنچىدىن، بۈگۈنكى يەر
شارىلىشىش دولقۇنى گەرچە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسىدە قوزغىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەدرىجىي كېڭىيىش
جەريانىدا زامانىۋىلىشىش، ئۇچۇر تېخنىكىسى، نوپۇسنىڭ جىددىي يۆتكىلىشچانلىقى ۋە كۆچمەنلەر مەسلىسى قاتارلىق
ئامىللار بىلەن زىچ بىرىكىشى ئۇنىڭ تەسىرىنى ئىقتىسادىي ساھەدىن زور دەرىجىدە ھالقىتىپ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن،
ئىستېمال، ئىدېئولوگىيە ساھەلىرىگىچە كېڭەيتتى. بۇ جەرياندا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ھوقۇق قاتارلىق
نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە ئېيتىم رامكىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆنسېرى گىرەلىشىپ بىر ـ بىرىگە تارىختىكى
ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇناسىۋەت ئەندىزىسى شەكىللەندى، شۇنداقلا ئوخشاش بولمى-
غان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا يەر شارىلىششنىڭ خاراكتېرىگە ماسلاشقان مۇرەككەپ زىددىيەتلىك، كۆپ ئۆزگىرىشچان
مەۋھۇم ھالەتتىكى دىئالوگ ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا چىقتى؛ ئۈچىنچىدىن، ئايلىنىش مېخانىزمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يەر
شارىلىشىش دولقۇنى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىدىكى مەدەنىيەتلەر دىئالوگى يەنىلا روشەن دەرىجىدە غەربچە قىممەت قاراشقا
ئىگە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيىلىك ئېيتىم رامكىلىرىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمىدى. مەسىلەن،
ئامېرىكىدا چىقىدىغان «دىپلوماتىيە پەسىللىك ژۇرنىلى»نىڭ 1997 ـ يىلىدىكى مەلۇم بىر سانىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئامې-
رىكا شۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەككى، ئەگەر پۈتۈن دۇنيا بىر خىل ئورتاق تىل يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭسا، ئۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



داقتا ئۇ تىل چوقۇم ئىنگلىز تىلى بولۇشى كېرەك؛ ئەگەر دۇنيا بىردەك بولغان تېلېگراف، بىخەتەرلىك ۋە سۈپەت ئۆلچەملىرى يۈنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلسا، ئۇنداقتا بۇ ئۆلچەملەر چوقۇم ئامېرىكىچە شەكىلدىكى ئۆلچەملەر بولۇشى كېرەك؛ ئەگەر دۇنيا تەدرىجىي ھالدا تېلېۋىزور، رادىئو ۋە مۇزىكىلار ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈلسە، ئۇنداقتا ئۇلاردىكى نومۇرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى چوقۇم ئامېرىكىچە بولۇشى كېرەك؛ ئەگەر دۇنيادا بىر خىل ئورتاق قىممەت قاراش شەكىللىنىۋاتىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلىدىغان قىممەت قاراش بولۇشى كېرەك... ئەگەر ئامېرىكىلىقلارنى خىلمۇخىل ئىدىيەلەرنى ئەڭ ئۇنۇملۈك يەتكۈزگىلى بولىدىغان، ئاممىۋى تارقىتىش سىستېمىسى كۈچلۈك بولغان بىر دۇنيادا ياشاۋاتىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا ئۇلار چوقۇم مۇشۇ ئىدىيەلەرنىڭ ماھىيىتىنى ۋە تارقىتىش سىستېمىلىرىنى كونترول قىلىشنىڭ ئامېرىكىلىقلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىشلار ئىكەنلىكىنى قەتئىي تونۇپ يېتىشى كېرەك»①.

ئامېرىكا ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى كراد پىرىستوۋىسكى مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىنىڭ ئەڭ تۈپ دۆلەت مەنپەئىتى دەل يەر شارىلىشىشتا. دۇنيادىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۈللىنىپ روناق تاپقان شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئامېرىكا شىركەتلىرىدۇر. ئىشىنىمىزكى، بۇ خىل يۈزلىنىشتىكى يەر شارىلىشىش دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ ئامېرىكىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»②.

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، دەل يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەر بۈگۈنكى كۈندىكى يەر شارىلىشىش ئەندىزىسى ئىچىدە شەكىللەنگەن مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنىڭ ئىلگىرىكى ھەرقانداق شەكىلدىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىگە ئوخشىمايدىغان ماھىيەتلىك پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

گەرچە 19 ـ ئەسىردە شەكىللەنگەن غەرب مەركەزچىلىكى ۋە ياۋروپا مەركەزچىلىكى خاھىشى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئېدۋارد سەئىدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم شەرقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ بەرپاچىلىرى ۋە كۈچلۈك تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ «شەرقشۇناسلىق»، «مەدەنىيەت ۋە ئىمپېرىيىچىلىك» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق قاتتىق تەنقىدلىنىپ، بۇ خىل خاھىشنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى سەلبىي تەسىرى بەلگىلىك دەرىجىدە پەسكويىغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئۇچۇر تېخنىكىسى، ئىستېمال دولقۇنى ۋە ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى قاتارلىق بىر ـ بىرى بىلەن زور تەسىر مۇناسىۋەتتە شەكىللەنگەن ساھەلەرگە سىڭىپ كىرىپ، يەنىلا يەر شارىلىشىشنى روشەن ھالدىكى غەربنىڭ خاھىشىغا بېقىندۇرۇشتەك دۇنياۋى كەيپىياتنى پەيدا قىلدى.

يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئىنكار قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇكى، غەربنىڭ دۇنيا تارىخىدا كۆنسېرى باش كۆتۈرۈپ چىقىشى شەرق ئەللىرىنى پۈتۈنلەي بېكىنمە ھالەتتە قالدۇرۇش ۋە بېقىندۇرۇپ قويۇش ھالىتىدىلا توختاپ قالماستىن، يەنە شەرق ئەللىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە غەربنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تەقلىد قىلىشىغا ۋە ياۋروپانى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل غەربنىڭ ماددىي يۈكسىلىشلىرىنى بىر خىل ئۆلچەم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا، شۇنداقلا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىدىن شۈبھىلىنىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ ھال بىر تەرەپتىن، شەرق ئەللىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆز مەدەنىيىتىگە قارىتا شەكىللەنگەن ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە بىر تەرەپتىن، شەرق ئەللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشى مەيدانىدا تۇرۇپ بۈگۈنكى مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا لايىق بولغان ئالاقە مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۇبيېكتىپ پائالىيىتىنى روشەن دەرىجىدە چەكلىدى، يەرلىك مەھەللىۋى مەدەنىيەت تۈركۈملىرىنىڭ خەلقئارالىق مەدەنىيەت دىئالوگىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن كەڭ رامكىسى ئىچىدىكى ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان مىللىي كىملىكىنى زور دەرىجىدە خىرىسقا دۇچار قىلدى.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى كۈندىكى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەر شارىلىشىش دەۋرىدىكى مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى غەرب ئەللىرىنىڭ قىممەت قارىشىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى غەرب سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھوقۇق ئەندىزىلىرىنىڭ بىر خىل ۋاستىسىدۇر. بۇ ھەقتە ئامېرىكىلىق داڭلىق ئىنسانشۇ-

009

ناس تېرېنس تۇرنېر (Terence Turner) مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈنكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتتىكى مەدەنىيەت ئەمەلىيەتتە سىياسىي بايلىققا ئايلىنالايدىغان بىر يۈرۈش قىممەت قاراشلار بولۇپ، مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل قىممەت قاراشلار (مەدەنىيەتلەر) بىر پۈتۈن توپنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سىرتقا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ۋە خەلقئارالىق جامائەت پىكرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا بۇ خىل قىممەت قاراشلار يەنە مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ ھەر خىل ئەرزنامىسى بولالايدۇ. مۇشۇنداق قارىغاندا، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت تۈپ نېگىزىدىن بىر خىل سىياسىي پىلان بولغاچقا 〈كىملىك سىياسىتى〉 ۋە 〈مەدەنىيەت جېڭى〉دا مۇنازىرە قوزغايدىغان مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ»③.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قاتار ئەھۋاللار يەر شارىلىشىش دەۋرىدىكى مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنىڭ مەھەللىۋى مەدەنىيەتلەرنى ناھايىتى تېزلىكتە خەلقئارالىق دىئالوگ رامكىسىغا سۆرەپ كىرىشى بىلەن مەدەنىيەتلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دۇچ كەلگەن مۇرەككەپ ئالاقە رامكىسى ئىچىدىكى مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات مەسىلىلىرى مەدەنىيەتكە قارىتا ئۆزلۈك ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئويغىنىشىنىڭ دەۋر خاراكتېرلىك زۆرۈرلۈكىنى تەقەززا قىلدى. تۆۋەندە بىز ماقالىمىزنىڭ يەنە بىر يادرولۇق مەزمۇنى بولغان مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ قاتلاملىق مەنىسى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

## مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ بايانى

مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭى (Cultural Self_consciousness) مەدەنىيەتكە قارىتا شەكىللەنگەن بىر خىل ئاڭلىق تونۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ مەلۇم مىللەتنىڭ مىللىي بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي كىملىكى، مىللىي خاسلىق ئاساسىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈن شەكىللىنىش تارىخىي راۋاجلىنىش ۋە خىلمۇخىل مەدەنىيەت دىئالوگلىرىدا دۇچ كەلگەن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش شارائىتىدىكى ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى بىلەن چەمبەرچاس باغلاش ئاساسىدا شەكىللىندىغان ئاڭ سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى زۆرۈر ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق زۆرۈرىيىتىگە ۋە كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنغا ئىگە. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭى مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىدىكى بىلىش ۋە ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ جۇغلانما خاراكتېرلىك مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ قانداقتۇر بۈگۈنكى كۈندىكى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ بىردەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلىپ شەكىللەنگەن مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. ئۇ روشەن خاسلىققا ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن مەلۇم ئىجتىمائىي قوۋمنىڭ ئەزالىرىنى مۇرەككەپ مەدەنىيەتلەر ئالاقىسىدە ئۆزئارا ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللىي ئىچكى ئۇيۇشۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتەك فۇنكسىيەلەرگە ئىگە.

مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭى ئالدى بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات راۋاجىنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا جۇغلانغان ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى تونۇپ يېتىش بىلەن بىرگە، مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەشكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش لىنىيىسىنى بىر پۈتۈن مىللىي گەۋدە سۈپىتىدە ھېس قىلىش ۋە ئۇ ھەقتە ئۇزۇل ـ كېسىل ئويلىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ مۇھىتتىكى ئىجتىمائىي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئەڭ توغرا يولنى تېپىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ بۇ خىل قاتلىمىنى تەپسىلىي شەرھلەشتىن ئىلگىرى مەدەنىيەتنىڭ ماكان (مەلۇم ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى) قۇرۇلمىسى بىلەن زامان (مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى ۋاقىت) قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىپ يېتىش تولىمۇ زۆرۈر، چۈنكى ئۇ مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش ۋە قوبۇل قىلىش جەريانىدا مەدەنىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەقدىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى شەرھلەشتىكى ئەڭ مۇھىم بولغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىككى مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە كۆپىنچە مەلۇم خىل مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي ھالىتى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ زامان (ۋاقىت) قۇرۇلمىسى مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي تەرەققىيات

باسقۇچلىرىدىكى ۋېرتىكال (تىك) ھالەتتىكى كۆپ قاتلاملىق جۇغلانما خاراكتېرلىك قۇرۇلمىسىنى كۆرسەتسە ماكان (بەلگىلىك ئورۇن) قۇرۇلمىسى ئۇنىڭ مەلۇم جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي بوشلۇقىدا ئىگىلىگەن ۋە ياكى ئىجتىمائىي بوشلۇققا يېيىلغان گورىزونتال (تەكشى، يېيىق) ھالەتتىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتىكى مەدەنىيەتنىڭ ماكان قۇرۇلمىسى بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچتا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ شەكىللىك ۋە شەكىلسىز مەۋجۇتلۇق ھالەتلىرى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم خىل تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئالدى ـ كەينى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەت تەركىبلىرى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭمۇ شەكىللىك ۋە شەكىلسىز مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، مەدەنىيەتنىڭ ماكان قۇرۇلمىسىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتتا بىر تەرەپتىن، ماكان قۇرۇلمىسىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك مەۋجۇتلۇق شەكلىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە شۇ خىل ماكان قۇرۇلمىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆزئارا گىرەلىشىپ، ھەتتا سىڭىشىپ كەتكەن مەۋجۇتلۇق شەكىللىرىگىمۇ قاراش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ماكان قۇرۇلمىسى ئىچىدىكى ماددىي ۋە تەبىئىي ئېلېمېنتلارنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىگىمۇ قاراش كېرەك ھەم بۇ خىل ماكان قۇرۇلمىسى ئىچىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى ۋە غەيرىي ماددىي تۈستىكى مەنىۋى مەدەنىيەت تەركىبلىرىگىمۇ قاراش كېرەك. بەزىدە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كونا مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى بەزى ئېلېمېنتلار جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ ساقلىنىدۇ. ھەتتا بۇ خىل ھالەت داۋاملىشىپ مەدەنىيەتنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ماكان قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ. لېكىن بەزىدە مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى ئىلگىرى ئىنكار قىلىنغان سەلبىي تەسىرلەر يېڭى مەدەنىيەتنىڭ قاتلاملىق قۇرۇلمىسىدا ئاكتىپ ئامىل سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، يەنە قايتىدىن مۇشۇ تەرەققىيات باسقۇچىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش مېخانىزمىنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى، ھەتتا كېيىنكى باسقۇچلۇق مەدەنىيەتنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ئۈنۈملۈك ئامىلغا ئايلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ زامان قۇرۇلمىسىدا ھەر خىل تەركىبىي ئېلېمېنتلارنىڭ شاللىنىشى ۋە ياكى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى زور ئېھتىماللىققا ۋە ئۆزگىرىشچانلىققا تويۇنغان بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ زامان قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ھالەت كۆپ مەنبەلىك ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك تەرەققىيات خاھىشلىرىنى سىڭدۈرگەن بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار مەدەنىيەتنىڭ ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى قىسقىچە مۇلاھىزىمىزدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدىكىدەك، بۈگۈنكى دۇنياۋى مەدەنىيەتلەر دىئالوگى نوقۇل ساپ ھالەتتىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ دىئالوگى بولماستىن، بەلكى سىياسىي، ئىقتىساد، ھوقۇق ۋە ئىستېمال قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق ئېيتىم رامكىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە چەكسىز سىڭىشىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن دىئالوگ ئەندىزىسى بولۇش بىلەن بىرگە ئۇ يەنە غەرب مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ نوپۇزىنى نامايان قىلىپ ئايلانغان بولغاچقا، ئىچكى زىددىيەتلىك خاراكتېرگە تولغان. شۇڭا بۇ خىل مۇھىتتا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شەرق ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ يەنە غەرب ئەللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رامكىلاردىمۇ كېڭىيىشكە ئۇرۇنۇش خاھىشى بۇ خىل ئىچكى زىددىيەتلىك ھالەتنىڭ ئەڭ روشەن بېشارىتىدۇر. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ ئىستېمال مەدەنىيىتى شەكلىدە پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا تارقالغان (كېنتېجى) (KFC)، مېكدانىلد «مەيداۋگلاۋ» قاتارلىق غەربچە قىممەت قاراشنىڭ روشەن سىمۋوللۇق بەلگىسىگە ئايلانغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ دۇنيادا ئوخشاش بولمىغان ئەللەرنىڭ ئىستېمال بازىرىغا سىڭىپ كىرىشى مەدەنىيەت جەھەتتىكى سىڭىپ كىرىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادا «كېنتېجى»نىڭ 40 مىڭدىن كۆپرەك تارمىقى بار. باشقىسىنى دېمەيلى، پەقەت ئۈرۈمچى شەھىرىگە قارىساقلا ئۇنىڭ بىزنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىمىزغا قانچىلىك ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. بىز بۇ يەردە مىسال سۈپىتىدە تىلغا ئالغان كېنتېجى، مەيداۋگلاۋ قاتارلىق ئىستېمال ئورۇنلىرى ئادەتتە قەھۋە، سۈت، توخۇ گۆشى قاتارلىق يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمالىنى بىر گەۋدە قىلغان تىجارەت ساھەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ رايونىمىزدىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ناھايىتى تېز لا ئومۇملىشىپ، جەمئىيەتتە

ئۆزىگە خاس ئاممىۋى ئۇستىمال بوشلۇقى ياراتتى. گەرچە خېلى كۆپ قىسىم ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىدىكى مۇناسىۋەتلىك تىجارەتچىلەر ۋە ئورۇنلار شۇ خىل شەكىلگە تەقلىد قىلغان ئۇستىمال ساھەسىنى يارىتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى نوپۇزى ۋە بازىرى يەنىلا «كېندېجى» ۋە «مەيداڭلاۋ» دەك ياخشى بولمىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تەقلىد قىلغان بۇ خىل شەكىلدىكى تىجارەت سورۇنلىرى ۋاقتىنچە مەغلۇپ بولدى. بۇ يەردە تۆۋەندىكى ئاددىي سوئال بىزنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا تولىمۇ ئەرزىيدۇ: كىشىلەر ئۇيغۇر ئاشپۇزۇللىرى ياكى رېستورانلىرىدىن تاپقىلى بولىدىغان توخۇ گۆشى، سۈت ۋە قەھۋە قاتارلىق ئۇستىمال بۇيۇملىرىنى نېمە ئۈچۈن «كېندېجى»، «مەيداڭلاۋ»... قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردىن تاپىدۇ؟

شۈبھىسىزكى، بۇ يەردىكى مەسىلىنىڭ نېگىزلىك جاۋابى ھەرگىزمۇ نوقۇل ئۇستىمال قىلىنىدىغان نەرسىدە ئەمەس. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان «كېندېجى»، «مەيداڭلاۋ» قاتارلىق ئۇستىمال سورۇنلىرى غەربنىڭ شەخسچىلىك خاھىشىنىڭ تەسىرىگە روشەن دەرىجىدە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ پسىخىك ئېھتىياجى ۋە نازۇك ئىچكى ئىستەكلىرىنى غەربچە قىممەت قاراش ۋە ئېستېتىك قاراشنىڭ رامكىسى بىلەن بېزەلگەن، يۇكسەك دەرىجىدە كەيپىياتلاشتۇرۇلغان مۇھىت ئارقىلىق قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مەۋھۇم شەكىلدىكى ئۇستىمال سورۇنىدۇر. ئەگەر بىز كىشىلەرنىڭ «كېندېجى»، «مەيداڭلاۋ» قاتارلىق مەۋھۇم ئۇستىمال تۈسىدىكى پائالىيەت سورۇنى ئارقىلىق غەربچە ئۇچرىشىش، مۇلازىملارنىڭ گەپ ـ سۆزى، ھەرىكەتلىرى، تاماقلارنىڭ تىزىلىشى، مۇھىتنىڭ بېزىلىشى ۋە تىپىك مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە مۇزىكىلارنىڭ گارمونىك ھالەتلىرىنى ساپ ھالدىكى ئۇستىمال پائالىيىتى ۋە ياكى سورۇنى دەپ چۈشەنسەك تولىمۇ خاتالاشقان بولىمىز. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇستىمال مەدەنىيىتى جەمئىيەتتىكى مۇستەقىل پائالىيەتچانلىققا ئىگە شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى ۋە خاھىشىنى نامايان قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى ئاساسىدىكى پائالىيەتچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايان قىلىشتا زۆرۈر بولغان بوشلۇق بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خاراكتېرىگە يات ھالدىكى ئورتاق ئىجتىمائىي پسىخىكىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇستىمال مەدەنىيىتى مەۋجۇتلۇق شەكلى جەھەتتىن روشەن ئەۋرىشىملىككە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئوخشاش بولمىغان ماكان ۋە زاماندا ئۇستىمالچىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىدىن تارتىپ تاكى ئەمەلىي پوزىتسىيە ۋە پائالىيەتلىرىگىچە سىڭىپ كىرىشتەك يوشۇرۇن كۈچكىمۇ ئىگە.

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپقا تەسىر كۆرسىتىدىغان يات ھالەتتىكى قىممەت قاراش ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى قانچە مۇرەككەپ ۋە كۆپ مەنبەلىك بولغانسېرى ۋە شۇ توپنىڭ ئېڭىدا ۋە ئىدىيىۋى ھەرىكىتىدە كۆپ خىللىشىشنى، تۇراقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇستىمال پائالىيىتى قارىماققا پۈتۈنلەي شەخسنىڭ ئۆز پائالىيەت بوشلۇقىغا تەۋە بولغان ئادەتتىكى پائالىيەت شەكلىدەك كۆرۈنسىمۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شۇ شەخس تۇرۇۋاتقان بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ، شەخسچىلىكنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان رايونىمىزدا تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى شەخسچىلىك (individualism) خاھىشى شەخسنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەت بوشلۇقى ئىچىدىكى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەخس پائالىيىتىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شەخسچىلىك خاھىشىنىڭ تۈرتكىسىدە شەخس بارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل شەكىللىك ۋە شەكىلسىز توساقلىرىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە ھالقىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى ئەندىزىسىدىمۇ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، شەخس پائالىيىتىنىڭ جەمئىيەتكە قارىتا ئەكس تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدىكى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى ۋە ئۇنىڭ پەيدا قىلىدىغان ئىجابىي ۋە سەلبىي ئۈنۈملىرى زور دەرىجىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. يەنىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانىدا شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان پائالىيەت جەمئىيەتكە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، مەلۇم شەخسىي پائالـ

يەتنىڭ ئاممۇبلاشقان بىر خىل پائالىيەت سۈپىتىدە باشقا جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئومۇملىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىستېمال بۇيۇمى ئۆزىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى بىلەن بىر پۈتۈن ئىستېمال لىنىيىسىنىڭ ئايلىنىشى جەريانىدا كۆپىنچە ھاللاردا ئىستېمال بۇيۇمىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان قىممەت قاراش بىلەن ئىستېمالچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىستېمال ئەمەلىيىتىنىڭ ئارىلىق ۋاستىسى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. «ئارىلىق ۋاستە ئەمەلىيەت پائالىيىتىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ ئۆزئارا بىرىگە سىڭىششى ۋە ھەتتا بىر - بىرىگە ئايلىنىشىنى نىسبەتەن ئەگرى - توقايلىقلىقا ۋە ئەۋرىشىملىككە ئىگە قىلىدۇ»④. ئەڭ مۇھىمى ئىستېمال ئەمەلىيىتىگە قاتناشقۇچى ئارىلىق ۋاستىلەر ئۆزئارا بىرىكىپ بىر خىل گارمونىيىلىك لىنىيە ھاسىل قىلىپ، بىر پۈتۈن ئىستېمال پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر ماكان ۋە زامان شارائىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مىسال سۈپىتىدە، «كېنىدېجى» ۋە ياكى «مەيدانگلاۋ» قاتارلىق مۇتلەق غەربچە ئۇسلۇبتىكى ئىستېمال شەكلىنى يۇقىرىقى تەھلىلىمىز بويىچە تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش مۇمكىن. يەنى غەربنىڭ ئىستېمال ئېڭىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەت قاراشلار «كېنىدېجى» ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى شەكلەن ئىستېمال قىلىنغۇچى ھەر خىل يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت، مۇزىكىلىق مۇھىت... قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئارىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىستېمالچىنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كىرىشتەك بىر پۈتۈن پائالىيەتنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى تاماملايدۇ.

دېمەك، «كېنىدېجى» ۋە «مەيدانگلاۋ» ئامېرىكىنى مەركەز قىلغان غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدېئولوگىيە ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئىستېمال مەدەنىيىتى شەكلىدە غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت بوشلۇقىغا سىڭىپ كىرىشىدىكى روشەن سىمۋوللۇق ۋاستە. بۇ خىل مۇرەككەپ ئىستېمال مۇھىتىدا بىز پەقەت شەكلەن مەنىدە ئىستېمالچى ھېسابلانساقمۇ، ماھىيەتتە بىز ئىستېمال قىلىنىۋاتىمىز. بۇ خىل ئىستېمال پائالىيىتى بىزنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىلقىمىزنىڭ تۆرتكىسىدە تەدرىجىي تەكرارلىنىپ، بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ ئىستېماللاشقان قىممەت قاراشلىرىمىز، ئاڭ ئىدىيىمىز، تىلىمىز، ھەرىكەت - پوزىتسىيىلىرىمىز بىلىپ بىلمەي ئىستېمال مەدەنىيىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر مەدەنىيەتنى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھوقۇق ۋە ئىدېئولوگىيىلىك ئېيتىم رامكىلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىش ئارقىلىق شەكىللەندۇرگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىش ھالىتى كۆنسېرى يامرىغان بۈگۈنكى ئىجتىمائىي مۇھىت دائىرىسىدە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ مۇلاھىزە قىلساق، بىز (كېنىدېجى» ۋە «مەيدانگلاۋ» قاتارلىق ئىستېمال ساھەلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىسى ئارقىلىق غەربنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە ھوقۇق قاتارلىق ساھەلىرىگە سىڭىپ كەتكەن سىمۋوللۇق مەنىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز. كەمىنىنىڭ قارىشىچە، ئەگەر بۈگۈنكى كۈندىكى ھوقۇق، مەدەنىيەت، سىياسىي ۋە ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەككە ھالەتتە شەرھلىسەك ئۇنداقتا شەكسىز خاتالاشقان بولىمىز. بۈگۈنكى كۈندىكى ھوقۇق، مەدەنىيەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى كاپالىتى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە ھوقۇقنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي بوشلۇقتىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ ھوقۇقنىڭ چەكسىز كېڭىيىشچانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىجتىمائىي بوشلۇقىنى يارىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى ھوقۇق، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن بوشلۇقىدىكى تىل، ئىجتىمائىي ئالاقە، مائارىپ، ئىستېمال تورى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق جەريانلاردىن ھالقىپ يەنە روشەن سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە نەرسىلەر ئارقىلىق ئۆزئارا ئۇچرىشىش چاستوتىسىنى كېڭەيتىپ، بىر - بىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىگە سۆرەپ كىردى. مەدەنىيەت يەنە سىياسىي ھوقۇق ۋە نوپۇزنىڭ، شۇنداقلا ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندى. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت بولسا ھوقۇقنىڭ بىر خىل نوپۇزلۇق مەنبەسى. ھوقۇق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى جەريانىدا ئۆزىنىڭ كېڭىيىش بوشلۇقىنى ھازىرلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ھوقۇق، مەدەنىيەت بىلەن ئۇلارنىڭ سۇبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ھوقۇق چەكسىز كېڭىيىشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مەدەنىيەت يەنە ھوقۇقنىڭ نوپۇزىنى نامايان قىلىدىغان سىمۋول. مۇشۇ بويىچە چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، دۇنيادىكى 40

نەچچە مىڭ ئورۇنغا تارقالغان «كېندىجى» ۋە «مەيداڭلاۋ» قاتارلىق ئىستېمال تۈسىدىكى سورۇنلار ئامېرىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نوپۇزىنىڭ، ھوقۇقىنىڭ ۋە شۇنداقلا روشەن قىممەت قارىشىنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تورىنى شەكىللەندۈرگەن.

بىز يۇقىرىدا مىسال سۈپىتىدە سۆزلەپ ئۆتكەن «كېندىجى» ۋە «مەيداڭلاۋ» قاتارلىقلار يەر شارىلىشىش دولقۇنىدىكى مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كىرىشى جەريانىدىكى بىر جانلىق مىسال. ئەگەر بىز يۇقىرىدا شەرھلەپ ئۆتكەن مەدەنىيەتنىڭ ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى تەلقىنلىرىمىز ئارقىلىق غەرب مەدەنىيىتىنىڭ توختاۋسىز سىڭىپ كىرىشى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ قوبۇل قىلىش مېخانىزمى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى مۇلاھىزە قىلساق، مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان رولىنى تېخىمۇ چوڭقۇر شەرھلىشىمىز مۇمكىن.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدىكىدەك، بەلگىلىك مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولغان بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي توپنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئىجتىمائىي شارائىتتىكى مەدەنىيەت ئالاقە پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي جەريانى ۋە مەزمۇنى مۇشۇ ئىجتىمائىي توپقا تەۋە مەدەنىيەتنىڭ شۇ خىل تارىخىي زامان (ۋاقىت) قۇرۇلمىسىنى ۋە شۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدىكى ماكان (ئورۇن) قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىپ، بىر - بىرى بىلەن ئاجرالماس مۇناسىۋەت رامكىسى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتىكى ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە ۋارىسلىق قىلىنىشتەك مۇناسىۋەتلەر مەۋجۇت. شۇنداق بولغاچقا مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ مەلۇم خىل تارىخىي شارائىتتا شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيىتىنىڭ زامان قۇرۇلمىسى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ شۇ خىل ئىجتىمائىي بوشلۇقتىكى ماكان قۇرۇلمىسى مۇتلەق كۆپ قىسىم ھاللاردا شۇ مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ زامان قۇرۇلمىسى ئەڭ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم خىل مەدەنىيەت شەكلىنىڭ ۋاقىتنىڭ يۆنىلىشى بويىچە داۋام قىلغان مەۋجۇتلۇق ھالىتىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، «كېندىجى» ۋە «مەيداڭلاۋ»نىڭ ئىستېمال مەدەنىيىتى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىغا سىڭىپ كىرىشى بىر نەچچە يىللىق تارىختا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. دەل مۇشۇ بىر نەچچە يىل ۋاقىت «كېندىجى» ۋە «مەيداڭلاۋ»نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى زامان (ۋاقىت) قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ماكان قۇرۇلمىسى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم خىل مەدەنىيەتنىڭ تەبىئىي شارائىتنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي بوشلۇق ئىچىدىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ بويىچە ئېيتقاندا، «كېندىجى» ۋە «مەيداڭلاۋ»نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئىگىلەپ تۇرغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بوشلۇقى دەل ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ماكان قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئەڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان بۇ خىل ئانالىزىمىز بىلەن مۇئامىلە قىلساق، «كېندىجى» ۋە «مەيداڭلاۋ»دىن ئىبارەت بۇ خىل ئىستېمال مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخ خاراكتېرلىك ئومۇمىي ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسىدا ئۆزىگە خاس بولغان بىر نەچچە يىللىق ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلدى دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەگەر مەدەنىيەتنىڭ ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسىنىڭ دەۋر ھالقىشچانلىق خاراكتېرى بويىچە شەكىللەنگەن ۋارىسلىق قىلىش ۋە قىلىنىش ئەندىزىسى بويىچە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ مۇلاھىزە قىلساق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇزاق تارىختا ئىگە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى توختاۋسىز يېڭىلاش ئاساسىدىكى ۋارىسچانلىق ئەندىزىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئوخشاش لوگىكا بويىچە يەنە شۇنداق يەكۈننى چىقىرالايمىزكى، بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇت ھالەتتىكى ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسى ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىكى تەركىبلەر كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىغا بىر خىل ۋارىسلىق قىلىنىش لوگىكىسى بويىچە يېتىپ بېرىپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. مەدەنىيەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەلۇم زامان قۇرۇلمىسىدا ساقلانغان، مەزكۇر يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئۆزى بىلەن خاراكتېرداش بولمىغان ھەم تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئەنئەنىسى بىلەن سىغىشالمايدىغان يات مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە مەلۇم جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ئۆز نۆۋىتىدە مۇشۇ خىل يات مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ ئەسلىي يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ زامان ۋە ماكان قۇرۇلمىسىدا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت بوشلۇقى ئىگىلەش بىلەن ئەسلىدىكى يەرلىك مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سىقىپ چىقىرىپ، ئەسلىدىكى مەدەنىيەت بوشلۇقىنىڭ تارىيىشىنى، مەدەنىيەت زىچلىقى (cultural density)نىڭ ماس ھالدا تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىي ئوخشاش بىر مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىل يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىپ كۆپ يۆنىلىشلىك مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى، ھەتتا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى يادرولۇق خاسلىقى كۆپ يۆنىلىشلىك تەرەققىيات يۆنىلىشى داۋامىدا تەدرىجىي سۇسلىشىدۇ ۋە ھەتتا يوقىلىدۇ.

ئەگەر «كېندېجى» قاتارلىق ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئىستېمال مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قارىشىغا تۈپتىن ماس كەلمەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ ئىستېماللىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ بىر خىل ئارىلىق ۋاسىتە سۈپىتىدە غەربچە قىممەت قاراشنىڭ بىر خىل تارقىلىش قانۇنىغا ئايلانغان سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە (بۇ يەردە يەنە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە نۇرغۇن مىساللارنى ئالمىدۇق) مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ماكان، زامان قۇرۇلمىسىدىكى بىر تەركىبكە ئايلانسا، بىر بولسا، ئۇ ئۇيغۇر ئىستېمال مەدەنىيىتى قۇرۇلمىسىنى ئەنئەنىدىن يىراقلاشقان بىر خىل قۇرۇلما لىنىيىسىگە باشلاپ كىرىشتىكى بىر خىل تۈرتكە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ياكى يەنە بىر بولسا، ئۇيغۇر ئىستېمال مەدەنىيىتىگە بويسۇنمىغان ھالەتتە ئۆزىنىڭ بىر خىل ماكان ۋە زامان خاراكتېرلىك قۇرۇلما لىنىيىسىنى ساقلاپ ئۇيغۇر ئىستېمال مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. كۆپ قۇتۇپلۇق ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىسىغا ئىگە ھالەتتىكى ئىستېمال مەدەنىيىتى مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلسا ئەڭ ئاخىر ئۇيغۇر ئىستېمال مەدەنىيىتىنىڭ يۆنىلىشسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كەمىنىنىڭ «كېندېجى»، «مەيداگۈلاۋ» قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشى پەقەت مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ ئاددىي بىر قىسمى. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، مىلاد بايرىمى غەرب ئەللىرىنىڭ خرىستىئان دىنىنى مەنبە قىلىپ شەكىللەندۈرگەن ئەنئەنىۋى بايرىمى. ئەمما يەر شارلىشىش دەۋرىدىكى مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنىڭ كۈنسېرى كەسكىنلىشىشى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ روشەن قاراتمىلىققا ئىگە قىلىنغان خىلمۇخىل مەدەنىيەت ئىستراتېگىيىلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ بايرام ئىسلام ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىغىمۇ خېلىلا سىڭىپ كىردى، ئۈرۈمچى رايونىمىزدىمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى مىلاد بايرىمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خېلىلا جىددىيلىشىپ كېتىدىغان كەيپىياتنى روشەن ئىپادىلەپ قويىدى.

شۇڭا، مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى، قوبۇل قىلىنىشى جەريانىدا مەلۇم مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ مەدەنىيەت پەرقى چوڭراق بولغان (مەدەنىيەت خاراكتېرداشلىقى ناھايىتى كىچىك بولغان) يات، غەيرىي مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئەگەر قوبۇل قىلغۇچى ئورۇندىكى مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆز مەدەنىيەت تەركىبلىرى بىلەن ئۆزئارا سىغىشالمايدىغان تەركىبلەرگە قارىتا ئاڭلىق ھالدىكى ئىچكى چەكلىمە بولمىغان ياكى ناھايىتى ئاجىز بولغان ئەھۋال ئاستىدا يات مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىشى شۇنچە زور ۋە كەڭ دائىرىدە بولىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق قوبۇل قىلغۇچى ئورۇندىكى مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىمۇ روشەن ئەۋرىشىملىك پەيدا قىلىدۇ، بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلىش دەرىجىسىنىڭ تەدرىجىي زورىيىشىنى، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتىنىڭ يەنىمۇ جىددىيلىكىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا كۆرۈلگەن مەدەنىيەت خاراكتېرداشلىقى يوق دېيەرلىك بولغان يات ئەللەر بىلەن تويلىشىشى، ئەنئەنىۋى ئۆمۈر مۇراسىملىرىنىڭ قۇرۇلما شەكلى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن غەربلىشىش خاھىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلى بىز بۇ يەردە «كېندېجى» قاتارلىق ئىستېمال شەكلىدىكى يات مەدەنىيەت تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ يەرلىكنىڭ ئوخشاش خاراكتېردىكى ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىر

مەسلىسىنمۇ ئاۋامنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىغا قالدۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇرمىز.

دېمەك، مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ مۇھىم ۋە ئەڭ دەسلەپكى قاتلىمى بولغان قىسمى دەل ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات لىنىيىسىنى تولۇق تونۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللەندۇرگەن ماكان ۋە زامان خاراكتېرلىك تەرەققىيات لوگىكىسىنى مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، ئۇنىڭغا مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولمىش مىللەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، مەدەنىيەتنىڭ مىللىي كىملىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مىللەتنىڭ ئۆزلۈكى، شۇنداقلا مەۋجۇتلۇقى نۇقتىسىدىن جاۋاب بېرىش بىلەن بىرگە مۇرەككەپ، ئېچكى زىددىيەتلىك مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا يات مەدەنىيەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى جەريانىدىكى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئىككىنچى قاتلام مەنىسى شۇكى، مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭى يەنە مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولمىش كونكرېت ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەڭ ئەقلىي، ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ ئاكتىپ ھالەتتە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ شەرھچىسى بولالىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىنى چۈشىنىش جەريانى شەكىل جەھەتتىن خۇددى ئوخشاش بولمىغان تىللار ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە قىلىش شەكلى ئارقىلىق بىر - بىرىنى چۈشىنىشكە ئوخشايدۇ. ئەمما مەدەنىيەت تەرجىمىسى (cultural translation) مەلۇم خىل مەدەنىيەت شەكلىنى يەنە بىر خىل مەدەنىيەت تۈركۈمىگە شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش، شۇ ئارقىلىق شەرھلەنگۈچى مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش جەريانى بولغاچقا، ماھىيەت جەھەتتىن تىلشۇناسلىقتىكى تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت تەرجىمىسىدە شەرھلەنگۈچى مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئومۇمىي بىر پۈتۈنلۈكى، تارىخىي قۇرۇلمىسى، مەۋجۇتلۇق قىممىتى ۋە ئېچكى تەرەققىيات لوگىكىسى جەھەتتىن شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتى بىلەن شەكىللەندۈرگەن ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي تارىخىي مەدەنىيەت مۇھىتى رامكىسىدا ماس شەرھلىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئالاقىسى ئەندىزىسىدە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغان مەۋجۇتلۇق ئورنىنى تېپىپ چىقىشى زۆرۈر بولغاچقا، بۇ خىل مەدەنىيەت تەرجىمىسى جەريانى تەبىئىيلا مەدەنىيەت بىلەن ئۇنىڭ سۇبيېكتى ۋە يات مەدەنىيەتتىكى مەدەنىيەت ئوبيېكتلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد، ھوقۇق، قىممەت قاراش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئامېرىكا نيۇ يورك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرى پروفېسسورى، داڭلىق ئىنسانشۇناس تالال ئاساد (Talal.Asad) ئىلىم ساھەسىگە ئاللىبۇرۇن «غەرب ئەللىرىنىڭ 3 - دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسى، مەدەنىيەت تەرجىمىسى مۇناسىۋىتىدە غەرب ئەللىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى مونوپوللۇقى، سىياسىي نوپۇزى، ھوقۇق رامكىلىرى ۋە بىر تەرەپلىمە قىممەت قاراشلىرى ئارقىلىق 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى قانداق قىلىپ بۇرمىلاپ شەرھلىگەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت ئەندىزىسىدىكى ئورنىغا قانداق تەسىرلەرنىڭ كۆرسەتكەن»⑤لىكىنى تەپسىلىي شەرھلەپ ئۆتكەن. يۇقىرىقى تەلقىنلەردىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىش مۇمكىنكى، مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتىپ پائالللىقى نۇقتىسىدىن تولۇق شەرھلىنىشى مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىشى، ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇش مېخانىزملىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇشى كېرەك. مەدەنىيەتنىڭ شەرھلىنىشى مەدەنىيەت ھەققىدىكى ئاغزاكى چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولمىش بىر پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىققا ۋە ۋارىسچانلىققا ئىگە پائالىيەت شەكلى ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدىكى مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدە تۈرۈپ يات مەدەنىيەت تۈركۈملىرىگە جانلىق شەرھلەش ئارقىلىق مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدىكى ئەندىزىسىدە مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات بوشلۇقى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى سىجىل كېڭەيتىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ، بۇ جەرياندا سۇبيېكتىپ پائالللىق مەدەنىيەتنى شەرھلەش مېخانىزمىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، ھەرقانداق شەكىلدىكى چۈشىنىش پائالىيىتى چۈشەندۈرگۈچى ۋە چۈشەندۈرۈلگۈچىدىن ئىبارەت ئىككى ھالقىلىق جەرياندىن تەركىب تاپىدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن چۈشىنىلگۈچى ئوبيېكتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى چۈشەندۈرۈشى چۈشىنىشنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن

www.uyghurkitap.com



ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتىننىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى شەرھلىشى چۈشىنىش جەريانىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي شەرتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل ھوقۇق كاتېگورىيىسىگە تەۋە پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىل شەرت ياكى ھوقۇق مۇۋاپىق بولمىغاندا، چۈشەنگۈچى چۈشىنىلگۈچىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش دۇنياسى ۋە قىممەت قارىشىغا تەئەللۇق يوسۇندا چۈشىنىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالدا كېلىپ چىقىدىغان كۆپىنچە ئاقىۋەت ئەسلىي ماھىيەتكە تەئەللۇق چىن شەرھى بىلەن چۈشەنگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تەجرىبىسى ۋە قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى بىردەكسىزلىك ۋە ھەتتا ئىختىلاپ مەسىلىلىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدىكى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرسە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ زەرەتلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

مەلۇم خىل مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتىننىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئاكتىپ ھالدىكى مەدەنىيەت شەرھەشۇناسلىق ئەمەلىيتى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇ خىل مەدەنىيەت ئورتاقلىقى ۋە مۇشۇ خىل ئورتاقلىق ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان مىللىي مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ مەدەنىيەت نوپۇزى ئارقىلىق قۇرۇلۇش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ساداقەتمەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر. ئەكسىچە مەلۇم خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگە مەدەنىيەت تەرىپىدىن شەرھلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى كۆپىنچە ھاللاردا ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە قىلچە ئۇيغۇن بولمىغان يەكۈنلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، يەنە يات مەدەنىيەت ئەللىرىنىڭ مەلۇم مەدەنىيەتنى خاتا شەرھلەنگەن.

يۇقىرىقىلار كەمىنە بۇ يەردە مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن مىساللارنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت: بۇ يەردىكى مەسىلە مەيلى ئىلىم نۇقتىسىدىن بولسۇن ۋە مەدەنىيەت رېئاللىقى نۇقتىسىدىن بولسۇن ئىنتايىن نازۇك مەسىلە ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان.

دېمەك، مەدەنىيەتنىڭ ئىلمىي، ھەققانىي ۋە رېئال شەرھىسى مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۇچرىشىشى، بىر - بىرىنى چۈشىنىشى ۋە ھەتتا ئالماشتۇرۇشىدىن ئىبارەت كونكرېت مەدەنىيەت پائالىيىتى جەريانىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ھالقىسى ۋە شەرتى. ئەگەر بۇ خىل جەريان بۈگۈنكىدەك مۇرەككەپ ھالەتتىكى يەر شارىلىشىش ۋەزىيىتىدە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىلمىسا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تولۇق شەرھلەنمىگەن ھەم شۇ سەۋەبتىن تولۇق چۈشىنەلمىگەن مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ سۇبيېكتى بىر پۈتۈن مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا ئىزچىل پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى ۋە مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنى بىر خىل قاتمال ھالەتكە سۆرەپ كىرىشى، ھەتتا ئېغىر بولغاندا مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇقەررەر بولۇپ قالىدۇ. بۇنى كەمىنە يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن ئەمەلىي مىساللاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شۇڭا مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئاڭنىڭ بىر مۇھىم مەنە قاتلىمى دەل مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولمىش بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي توپنىڭ مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ جانلىق، پائال ۋە ئادىل شەرھچىسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتىكى كونكرېت سۇبيېكتىننىڭ پائاللىقى بىلەن بىرلەشكەن ئاكتىپ ھالەتتىكى بۇ خىل شەرھىسى يەنە مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا مەدەنىيەتنىڭ نوپۇزىنى ئەڭ تەبىئىي ھالەتتە نامايان قىلىدىغان مەدەنىيەت كاپىتالى (cultural capital)غا ئايلىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق مىللىي كىملىكنىڭ خەلقئارالىق مەدەنىيەتلەر مۇھىتىدىن ئۆزگىچە خاس مەدەنىيەت بوشلۇقى بەلگىلەشنىڭ زۆرۈر ئامىلى بولۇپ قالىدۇ.

قىسقىچە خۇلاسە قىلساق، ماقالىمىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭى مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھادىسە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان يەر شارىلىشىش، بىر گەۋدىلىشىش دولقۇنىدىن ئىبارەت رېئال ئىجتىمائىي شارائىتتا شەكىللەنگەن، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق شەكىلدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسى ئەندىزىسىگە ئوخشىمايدىغان، رايون، دۆلەت ھالقىغان كۆپ مەدەنىيەتلىك دىئالوگ ئەندىزىسى ۋە ئۇنىڭ خىلمۇخىل ئوبيېكتىپ ھالەتتىكى زىددىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى تەسىر كۈچ پەيدا قىلىۋاتقان مۇرەككەپ خەلقئارالىق ۋە مەھەللىۋى خاراكتېرلىك مۇھىتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ۋە تەقەززاسى. چۈنكى بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، يەر شارىلىشىش ئۇقۇمى مەلۇم مەنىدە

پۈتۈن دۇنيا گەۋدىسىنى ئورتاق ئالاقە سەھنىسى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈشكە مايىل بولغانلىقى تۈپەيلى ئۇ يەرلىك مەھەللىۋى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە مەھەللىۋى مەدەنىيەتلەرنى مۇرەككەپ ۋە مەۋھۇم رامكىغا سۆرەپ كىرىش ئارقىلىق بىر خىل ياتلاشتۇرۇش يۈنىلىشىگە مېڭىش خاھىشىنى روشەن نامايان قىلدى، بۇ جەرياندا يەر شارىلىشىشنىڭ ئۆزى بىر خىل روشەن ئوبيېكت ۋە سۇبيېكتىغا ئىگە دۇنياۋى پائالىيەت بولۇش بىلەن ئۇ مەلۇم مەدەنىيەتلەر تۈركۈمىنى قوزغاتقۇچى كۈچ سۈپىتىدە يەر شارىلاشتۇرىدۇ، ئەكسىچە شۇنىڭغا ماس ھالدا بېقىندى ھالەتتىكى مەھەللىۋى يەرلىك مەدەنىيەت تۈركۈملىرى يەر شارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەر شارىلىشىشنىڭ ئۆزى ماھىيەت يېقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەم بىردەكلەشتۈرۈش، ھەم ياتلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر خىل قوش بىسلىق پىچاق سۈپىتىگە ئاللىبۇرۇن ئىگە بولدى.

مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ تەكىتلىنىشى يەر شارىلىشىشتىن ئىبارەت مۇشۇ خىل شارائىتتىكى مەدەنىيەتلەر مۇھىتىدا شىددەت بىلەن يۈز بېرىۋاتقان تېز سۈرئەتتىكى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش (Social Transformation) ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى جەريانىدا مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ھەقىقىي خوجا بولۇشىنى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت دېموكراتىيىسى ئاساسىدا قولغا كەلتۈرۈشتەك بىر قاتار تارىخىي ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك ئەھمىيەت نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭى ئاڭلىماققا تولىمۇ ئابستراكت ئۇقۇمدەك بىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنى بىر قەدەر ئەتراپلىق ۋە كونكرېتلىققا ئىگە. يەنى ئۇ مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە قانۇنىيىتىگە قارىتا ئەتراپلىق چۈشەنچە تۇرغۇزۇپ، مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ماكان، زاماندىكى قۇرۇلمىسى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا تارىخىي تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تولۇق تونۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئاڭنى تەكىتلەش بېكىنمىچىلىك ۋە ياكى سىرتقى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى چەتكە قېقىش ۋە ياكى پۈتۈنلەي پاسسىپ ئورۇنغا ئۆتۈۋېلىش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى مەلۇم خىل مەدەنىيەت بىلەن شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولغان ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى تونۇش، چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى تولۇق تونۇش ئارقىلىق كۆپ خىل مەدەنىيەتلەردىن تەركىب تاپقان مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق بولغان ئۆزىگە خاس دىئالوگ ئەندىزىسىنى تۇرغۇزۇش بىلەن بىرگە مۇرەككەپ مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىكى ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولغان مەدەنىيەت دېموكراتىيىسىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك خاس ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭى ماھىيەتتە مەلۇم خىل مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان باشقا مەدەنىيەتلەر تۈركۈمى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن شەكىللەنگەن بىر خىل ئۆزلۈك ئاڭ سىستېمىسى. يەنى مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئاڭ دەل مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا سېلىشتۇرما ھالەتتىكى مەدەنىيەت چېگرىلىرى (cultural boundaries)نىڭ كونكرېت مەۋجۇتلۇق شەرتى ئاستىدا پەيدا بولىدۇ. دۇنيادا ئەزەلدىن تارتىپ بىرلا خىل مەدەنىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەمەس، شۇڭا خېلى كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئاڭ مەدەنىيەت چېگرىلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت سۇبيېكتلىرى تەرىپىدىن تارىخىي، ئىدېئولوگىيىلىك ئاڭ قۇرۇلمىسىغا ئىگە قىلىنىشى ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن، شۇنداقلا مەدەنىيەت بىلەن ئۇنىڭ سۇبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى بىلىش ۋە بىلىنىش مەسىلىسىنىڭ جۇغلىنىشى شەرتى ئاستىدىكى ئاڭ سىستېمىسىدىن ئىبارەت. يەنىمۇ ئىنچىكىرىلەپ ئېيتقاندا ئەگەر مەلۇم خىل مەدەنىيەتنى خاسلىققا ئىگە بىر سىستېما ۋە ياكى بىر چەمبىرەك دەپ چۈشەنسەك، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىزگە بىر (چەمبەر) سۈپىتىدە كۆرۈنۈشىدە چەمبەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دائىرىنىڭ رولىغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئايلانما سىزىقنىڭ خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش رولى تېخىمۇ روشەن بولىدۇ، دەل مۇشۇ ئايلانما سىزىق بىزگە چەمبەرنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ سىزىق بولمىغاندا بىزگە بۇ سىزىلغان شەكىلنىڭ چەمبەر ياكى ئەمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھېچنەرسە يوق. ئوخشاشلا مەدەنىيەتلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، خاسلاشتۇرۇپ تۇرغان نەرسە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا شۇ خىل مەدەنىيەت تۈركۈملىرىنىڭ باشقا مەدەنىيەت تۈركۈملىرى بىلەن ئۈچرىشىشىدىن ھاسىل بولغان خىلمۇخىل سىرتقى چېگرىلىرد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇر. بۇ خىل چېگرا جۇغراپىيىلىكى مەنىدىكى چېگرا ئۇقۇمىغا قارىغاندا كۆپ مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ مەلۇم مەدەنىيەت
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي چېگرىلار (Social boundaries)نى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار (جەمئىيەت قۇرۇلمە-
سى، قانۇن - تۈزۈم، ئەخلاق فورمىلىرى، كىشىلەرنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسى) بىلەن مەدەنىيەت چېگرىلىرى
(cultural boundaries)نى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار (تۇرمۇش ئۇسۇلى، دىنىي ئېتىقادى، تارىخىي ئەنئەنىسى... قاتار-
لىقلار)نىڭ مۇجەسسەمىدىن تەركىب تاپىدۇ. دېمەك، مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنى تەكىتلەش ھەرگىزمۇ يات مەدەنىيەت-
لەرنى چەتكە قېقىش دېگەنلىك ئەمەس ھەم ئۇنداق قىلىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆت-
كەندەك، مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئاڭ مەلۇم مەنىدە خىلمۇخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر
خىل مۇقەررەر مەھسۇلى. چۈنكى ھەرقانداق مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئاڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەھۋالدا ئۆزى بىلەن
خاراكتېرداش بولمىغان مەدەنىيەت تۈركۈملىرىنى ئۆزىگە سېلىشتۇرما بەلگە ئوبيېكتى قىلىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە
تەرەققىي قىلىدۇ، ئەگەر يات مەدەنىيەتلەر مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ خىل ئۆزلۈك ئاڭنىڭ شەكىللىنىش
مۇمكىنچىلىكى ۋە زۆرۈرىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئاڭنى تەكىت-
لەش مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە مۇرەككەپ مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا ھەر خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىۋاتقان مەدەنىيەت مەر-
كەزچىلىكى، مەدەنىيەت نىسپىيچىلىكى ۋە مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى تەرەپدارلىرى ئەزەلدىن خالىي بولالماي كەلگەن بىر
تەرەپلىمە خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم بىر خىل مېتودولوگىيىلىك بىلىش ئۇسۇلى ۋە ئاڭ سىستېمىسى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، مەدەنىيەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭى مەلۇم توپنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ۋېرتىكال نۇقتىسى
ۋە نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن رېئال تارىخىي شارائىتتىكى زامان ۋە ماكانىنىڭ گورىزونتال ھالەتلىرىنى كۆپ تەرەپلىمە نۇق-
تىدىن سېلىشتۇرما ئانالىز يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دۇنياۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئورتاقلىقى ۋە خاسلىقىنى تولۇق
چۈشىنىش، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ساداقەتمەن ھىمايىچىسى بولۇش، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەقدىرى ئۈستىدە سو-
غۇققانلىق بىلەن ئويلىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچى، يات مىللەتلەر بىلەن بولغان سەمىمىي
دىئالوگ، ئېچىلىق يارىتىش، تەنقىد قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تە-
رەققىيات لوگىكىسىغا ماس كېلىدىغان يولنى ئىزدىنىش جەريانىدۇر. ئۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېك-
تى بولمىش ھەر بىر شەخس، ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە قارىتا تارىخىي خاراكتېرلىك مەجبۇرىيەت،
مەسئۇلىيەت ۋە ۋىجدان نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان ئۆزلۈك ئارخېئولوگىيىسىنى تىكلەيدى-
غان توختاۋسىز ئويلىنىش جەريانىدۇر.


ستاتا مەنبەلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى:

① داۋىد روسكوپف: «مەدەنىيەت زومىگەرلىكنى مەدھىيىلەشمۇ؟»، «دىپلوماتىيە پەسلىلىك ژۇرنىلى» 2 - سان، 44 - بەت (ئىنگ-
لىزچە).

②ز. بىباجا «يەر شارىلىشىش: ئەڭ ئاخىرقى بوشلۇق، يەر شارىلىشىش: رىقابەت ۋە ئىنسانىيەت بىخەتەرلىكى»، لوندون نەشرىيا-
تى 1997 - يىل نەشرى 32 - بەت (ئىنگلىزچە).


③مىخائىل خېرزىفېلد: «ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي ساۋاتى نېمە - جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىنسانشۇناسلىق نەزەرىيە-
سى ۋە ئەمەلىيىتى». خۇاشيا نەشرىياتى، 2005 - يىل 10 - ئاي نەشرى 165 - بەت (خەنزۇچە).

⑤ گاۋشۇەنياڭ: «بوردىيوۋنىڭ جەمئىيەت نەزەرىيىسى»، شاڭخەي تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 - يىل 12 - ئاي
نەشرى، 100 - بەت (خەنزۇچە).

⑧ جامىس كلىففورد، گېئورگى ماركس: «مەدەنىيەت يېزىش: ئېتنوگرافىيە شېئىرىيىتى ۋە سىياسىيشۇناسلىقى»، سودا نەشرىياتى
2006 - يىل نەشرى، 198 -، 200 - بەتلەر.

⑨ جوناسان فرېدمان «مەدەنىيەت كىملىكى ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك جەريان»، سودا نەشرىياتى 2003 - يىل 6 - ئاي نەشرى
164 - بەت (خەنزۇچە).


(ئاپتور: شىامېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنسانشۇناسلىق كەسپى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتى).



# مانا بۇ ئەخمەت تۆمۈر

بەگمەت يۈسۈپ

چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بوۋام چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئىكەن، دادام بولسا كارۋانلارغا تۆگە يېتىلگۈچى بولغان ئىكەن. چۈللۈكتە تۆگە يېتىلگۈچى بولۇش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ تەبىئەت بىلەن تەقدىرنىڭ كۈرەش قايىنىمىدىن ئىبارەت ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، تېنىمدا ئېقىۋاتقىنى ئەجدادىمنىڭ بۇ تەركىبنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئەنە شۇنداق قېنى، ئەلۋەتتە.

مەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاددىي بىر ئوغلانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ گۈزەل، باي تۇپراقنى، مېنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئانا يۇرتۇمنى قىزغىن سۆيىمەن، بۇلبۇللار سايراۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئەجدادىمنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىمەن.

بۇ يىل 57 ياشقا كىردىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى هاياتىمدا دۆلىتىم، مىللىتىم ۋە ئەجدادلىرىمنىڭ شەرىپى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئەهمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىمەن.

— ئەخمەت تۆمۈر

## يوقلۇقنى قۇتۇلۇش

كېلەچەكنىڭ چېكى نەدە؟ ئۇ ئاقىل كىشىلەر قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا، قەلب قاتلىمى هەۋىسىگە تولغاندا تارىخنىڭ يۈزى يورۇپ، كېلەچەكنىڭ دىدارىغا ئەسرا بولىدۇ. بولمىسا قۇرۇق يىلنامىنىڭ ئىنسانلارغا نېمە پايدىسى؟!

«تارىخ هەققىدە گەپ قىلىش ئۈچۈن تارىخنىڭ هامان بىر ئىزناسى بولۇش كېرەك. تارىخنى ئۇنتۇمايلى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇ كېلەچەكنىڭ تۆۋرۈكى، — دەيدۇ ئەخمەت تۆمۈر، — يىغىپ ساقلىغانلىرىم قارىماققا بىر مەدەنىيەت ھەۋەسى، لېكىن ئۇ ئىچ سىرىدىن مېنىڭ بارلىق بايلىقىم. بۇنى ‹بىلىش› - ‹بىلمەسلىك›تىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بۇ يول ماڭىلا خاس كېلەچەككە باشلاپ بارىدۇ.»

ئەزىز كىتابخان، ئەخمەت تۆمۈرگە خاس كېلەچەك زادى قانداق؟ بايانىمىزنى ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ئۆتمۈشىدىن باشلايلى:

ئەخمەت تۆمۈر 1952 - يىلى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ناھىيىسىدە بىر ئۇيغۇر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ مەكتەپ يېشىغا توشقاندا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇدى، بىراق ئائىلە شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن پەقەت تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 1 - يىللىقىغىچە ئوقۇيالا كىچىك تېپتىكى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى، بولۇپمۇ گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەسىرىدە تۇغۇلغان ھۆسنخەت ۋە سەنئەت بۇيۇملىرى ھەققىدىكى تونۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش قىزغىن ئارزۇسى يوققا چىقتى، دەرۋەقە ئۇ باللىقىنىڭ رومانتىك ۋە گۈزەل كەيپىياتىدىن كىچىك تۇرۇپلا ئايرىلىپ قالدى.

بىراق ئەخمەت تۆمۈر بۇنىڭلىق بىلەن تۇرمۇشتا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشتىن توختاپ قالمىدى، ئۇ يېشىغا ماس كەلمىگەن خىزمەت شارائىتى داۋامىدا ئۆز قىزىقىشى دائىرىسى بويىچە بىلىم ئېلىشتىن توختاپ قالمىدى. مەيلى ئۇنىڭ بالا ئىشچىلىق ھاياتى بولسۇن ياكى مەدەنىيەت - مائارىپ ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرى بولسۇن ئىزدىنىش، ئۆگىنىش، ئىلگىرىلەش ئېڭىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىپ قالمىدى. ئەخمەت تۆمۈر 1975 - يىلىغا كەلگەندىلا ئىشچى - دېھقان - ئەسكەر كۇرسانتلىرى قاتارىدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇانەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئارخېئولوگىيە كەسپىدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ قۇمۇل شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا ۋە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىدا توپلاش، رەتلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

1985 - يىلى ئەخمەت تۆمۈر قۇمۇلدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ چىقتى. بۇ چاغدا مەكتەپنىڭ شارائىتى ناچار، مەبلىغى كەم ئىدى. ئۇ مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن 200 يۈەننى دەسمايە قىلىپ، خۇرۇم چاپان تىكىش كارخانىسى قۇرۇپ، بازاردىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ، ئۆزىگە تونۇشسىز بولغان ساھەگە قەدەم قويدى. كارخانا دەسلەپتە خېلى راۋاج تاپتى، ئەمما تۇرمۇشنىڭ يولى تۈز بولمىغىنىدەك، سودىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ھەم سىرلىق يولمۇ ئوڭۇشسىزلىقتىن ھەر ۋاقىت خالىي بولالمىدى. شۇ چاغدا بىر نەچچە ئاتالمىش «سودىگەر»، «ھەمكارلىشىپ سودا قىلىش» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن زاۋۇتنىڭ 40 مىڭ يۈەن مەبلىغىنى ئالداپ ئېلىپ نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ 40 مىڭ يۈەن ئەمدىلا بازار بوسۇغىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئەخمەت تۆمۈر ئۈچۈن ھېسابسىز كۆپ پۇل ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەخمەت تۆمۈر مىڭبىر مۇشەققەتتە ھېلىقى سودىگەرلەرنى يېرىم ئاچ، يېرىم توق كۈن ئۆتكۈزۈپ، تۇپتوغرا ئىككى ئاي ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئۇ ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. بۇ ئىش بىلەن مەكتەپنىڭ زاۋۇتىمۇ ۋەيران بولدى، ئەخمەت تۆمۈر ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن قەرز ئېلىپ ئاران دېگەندە بۇ 40 مىڭ يۈەننى قايتۇردى. بىراق 40 مىڭ يۈەننى ئالداپ ئېلىپ قاچقۇچى بۇ «سودىگەر» ئەخمەت تۆمۈرگە ساختا ئاق كۆڭۈل بولۇۋالغاندىن كۆرە، راستچىل بولۇشنىڭ ئەڭ مەرتىۋە ئەلا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ئەخمەت تۆمۈر خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن مەبلەغنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىكى ئەھمىيەتلىك ساھەلەر ئۈچۈن ئازراق ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلىغان ئىدى، ئەمما ياخشى ئارزۇ ھاياتنىڭ كۈتۈلمىگەن «ئاچچىق سوۋغىتى» بىلەن قۇتلۇقلاندى. ئۇ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى، بىراق ئەخمەت تۆمۈر بۇ ئىش بىلەن توختاپ قالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قېنىدا ئەجدادىنىڭ تەبىئەت بىلەن تەقدىر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىرادىسى ھامان ئۇرغۇپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت تۆمۈر بازاردىن ئىبارەت بۇ رەھىمسىز سوغۇق «دېڭىز»غا قۇرۇق قول بىلەن قايتا شۇڭغىدى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە جۇڭگو ۋە چەت ئەل كارخانىچىلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى بىلەن يېزىلغان گېزىت - ژۇرناللارنى ئاختۇرۇپ خۇيىڭدۇڭ، باۋيۇگاڭلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى، بېسىپ ئۆتكەن يولىنى تەتقىق قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ

سـودا دەستـۇرلىرىغا ئـائـىت مـاتېرىياللارنى كـۆردى. ئەخمەت تۆمۈر مۇنداق ئويلايدۇ: «دۇنيادىكى جۇڭگولۇقلاردىن چىققان ئاتاقلىق ئون كـارخانىچىنىڭ بـىرى ــ شياڭگاڭلىق خۇيىڭدۇڭ ئەپەندى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئـوخشاشلىق هـەم ئـورتاقلىق بـار ئـىكەن. ئـۇ بـولسىمۇ قۇرۇق قـول بـىلەن ئـىگىلىك تـىكلەش روهـىدۇر، بـىراق پەرقىمۇ يوق ئەمەس. مەن ئۇنىڭغا قارىغاندا ئـالىي مـەكتەپتە تۆت يىل كۆپ ئوقۇدۇم، ئۇ قىلغانىنى مـەن نـېمىشقا قىلالمايدىكەنمەن؟...»

دەرۋەقە ئـىشەنچ، بـولۇپمۇ ئـۆز ـ ئـۆزىگە بـولغان ئىشەنچ هەممىگە قادىردۇر.

ئەخمەت تۆمۈر سودا داۋامىدا كىچىك ئىشنى كىچىك كۆرمىدى، چوڭ ئـىشتىن قـورقۇپ كـەتمىدى. ئـۇ 1986 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ تىل قابىلىيىتى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىغا تـايىنىپ بـازاردا «بـېدىك»لىك قـىلدى، «ۋاستىچى» بولدى. ئەخمەت تۆمۈر مال ئىگىلىرى بىلەن خېرىدارنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن يازنىڭ تـومۇز ئـىسسىقلىرىدا شىمالىي شـىنجاڭ بـىلەن جـەنۇبىي شـىنجاڭ ئـوتتۇرىسىدا قاتنىدى. قىشنىڭ قەهرىتان سوغۇقلىرىدا ئـالتاي تـاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگىچە باردى. ئۇ ئاچلىقتىن، جاپادىن قاچمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەمىمىلىكى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى بـىلەن مال ئىگىسى ۋە خـېرىدارلارنىڭ ئـىشەنچىسىگە ئـېرىشتى، بەزى سودىگەرلەر ئەخمەتتىن هېچقانداق ئىسپات ئالمايلا ماللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. ئـۇ بـۇ جـەرياندا ئاز ـ تولا دەسمايىگىمۇ ئىگە بولدى. ئـۇنىڭدا مۇستەقىل سودا قىلىش ئىمكانىيىتىمۇ يارىتىلدى. ئۇ بارلىق دەسمايىسىنى يىغىپ مۇستەقىل هالدا بازار قاينىمىغا كىرىپ كەتتى، دەسلەپتە ئۇ ئۆزىگە ئەڭ تونۇش بولغان، بىراق جـاپاسى تولا، مەينەت ئىش ــ تېرە يىغىش، يۇڭ سودىسى بـىلەن شۇغۇللاندى. سودا قايەردە بولىدىكەن، ئۇنىڭ قانچىلىك جاپالىق بـولۇشىدىن قـەتئىينەزەر شـۇ يـەرگە بـاردى، ئـۇ هەتتا تاشقورغان، پـامىر تـاغلىرىدىمۇ ئـۆزىنىڭ جـاپالىق، ئەمما ئۈنۈملۈك سودا ئىزلىرىنى قالدۇردى.

ئەخمەت تۆمۈرنىڭ قولى پۇل كـۆردى، بـۇرۇن بـۇ پۇللار ئۇ قولدىن ئەخمەت تۆمۈرنىڭ قولى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قـولىدا توختاشقا باشلىدى. ئەخمەت تۆمۈرنىڭ چۈنتىكىمۇ تـومپىيىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئىزلىرى شىنجاڭ ۋە ئـىچكى ئۆلكىلەردىن كېچىپ، چەت ئەللەرگە يـۈزلىنىش ئـىستىكىدە تەۋرىنىدىغان بولدى.

ئەخمەت تۆمۈر چەت ئەللەرگە چىقىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى ئويلىدى، چۈنكى ئەخمەت تـۆمۈر پـۇل تېپىشتىكى مۇددىئاسىنى هېلىھەم ئۇنتۇغىنى يوق. تېخىمۇ چوڭ ۋە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋە مۇستەهكەم ئىقتىسادىي ئاساسنى هازىرلاش لازىم ئىدى.

ئەخمەت تـۆمۈر بـۇ چـاغدىكى هـايات مـۇساپىلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن 1978 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، قومۇلدا خىزمەت قىلغان، ئـارخېئولوگىيە گـۇرۇپپىلىرىدا تەكشۈرۈش تەتقىقاتىغىمۇ قاتناشقان ئىدىم. مەدەنىيەت ۋە ئىتتىپاق خىزمىتى ئورۇنلىرىدا ئىشلىدىم، ئەمما كېيىنكى تاللاش بـاشقىچە بـولدى، ئـورۇمچىگە يۆتكىلىپ، ئۇزاق بولمايلا بازار سېپىگە قـوشۇلدۇم. ئـەمدىلا ئـايىغى چىققان بالىدەك بـازار قـاينىمىدا مـۇدۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئاران 40 مىڭ يۈەن تېپىۋىدىم، ئالدامچىلارغا ئـالدىنىپ قالدىم. ‹بىر مەغلۇبىيەتكە يولۇقسالىڭ، بىر ئەقىل تاپىسەن› دەپ كونىلار بىكار ئـېيتمىغان ئـىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن هەرقانداق ئىشتا هوشيار بولۇشنىڭ لازىملىقىنى يەنىمۇ چـوڭقۇر هـېس قـىلدىم. «بـىدىك»لىك قـىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە هوشيارلىقىم، سەمىمىيلىكىم سودامغا بـەرىكەت ئېلىپ كەلدى. كېيىن مەن تېرە ـ يۇڭ سـودىسىنى تـاللىۋالدىم، چۈنكى مەندە مەبلەغ يوق ئىدى، پۇللۇق سودىگەرلەر تېرە ـ يۇڭ يىغىشنىڭ جاپاسىنى تـارتىشنى خـالىمايتتى. مەن ئۇدا تۆت يىل بۇ كەسىپنى قىلدىم، بۇ جەرياندا ئـاياغ ئـىزلىرىم تـەگمىگەن تـاغلار، شـەهەرلەر، مـەهەللىلەر ئـاز ئەمەس، ‹بېدىك›لىك ۋە تـېرە ـ يـۇڭ سـودىسىدىن خېلىلا نەپكە ئـېرىشتىم، بـۇنىڭدىن ئـىلهاملىنىپ نـەزەرىمنى چـەت ئەللەرگە تىكتىم، 1990 ـ يىلى قـازاقىستاندىكى پـەقەت 3000 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سودىدا 30 مـىڭ يـۈەن سـاپ پـايدا ئالدىم. بازارغا تاشلىنغان بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئىككىنچى قەدىمىم ماڭا چەت ئەل بازارلىرىغا بۆسۈپ كىرىش لازىملىقىنى ئۆگەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن مەن دادىللىق بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بەزى دۆلەتلەر ۋە پاكىستان بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك سودا تـوختاملىرىنى ئـىمزالىدىم، فرانسىيە يېڭى ئـاسىيا چـەكلىك هـەسسىدارلىق سودا شىركىتىنىڭ جۇڭگودىكى ئـىش بـېجىرىش ئـورنىغا بـېرىپ، ئۇلار بىلەن سودا توختامىنى ئىمزالىدىم».

www.uyghurkitap.com



شۇنداق، ئەخمەت تۆمۈر ئۆزىنىڭ تۇرمۇش قايىنىمە
دىن بازار قايىنىمىغا، بازار قايىنىمىدىن ئۇزلۇكسىز بېيىپ
بېرىۋاتقان ئارزۇ ـ ئۈستەك قايىنىمىغا ئۆتۈش داۋامىدا بە-
زىدە ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. بىراق شۇ بىر
نەرسىدىن ــــ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە جاسارەت-
لىك ئىرادىسىدىن ئايرىلمىدى، دەرۋەقە ئۇ ئۆزىنىڭ ھايا-
تىدىكى ئىلگىرىلەش لۇغىتىدىن «يوق» دېگەن سۆزنى
ئۆچۈرۈپ تاشلىيالىدى.

## خەلقئاراغا يۈزلەنگەن ياش ئۇيغۇر كارخانىچى

ئەخمەت تۆمۈر دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بازار قايىنىمىغا تېخە-
مۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىزدىنىپ يول تېپىپ سودىنىڭ
پارلاق كېلەچىكىگە قاراپ ماڭدى. ئەخمەت تۆمۈر ئاخىر
ئۈرۈمچى «خان جەمەتى» سودا شىركىتىنى قۇردى، 1992 ـ
يىلىغا كەلگەندە شىركەت نامىنى «شاھانە شادلىق» سودا
شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئۇ يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-
تونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باش-
قۇرۇشىدىكى باغنى يەتتە يىللىق توختام بىلەن كۆتۈرە
ئېلىپ، بىر نەچچە 100 تۈمەن يۈەن مەبلەغ سېلىپ «مىل-
لەتلەر مەدەنىيىتى شادلىق كەنتى» قۇرۇشقا كىرىشتى.
1993 ـ يىلى باغچا سىرتقا رەسمىي ئېچىلغاندا، ئەخمەت
تۆمۈر «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار، «ئۈچتە ياخشى ئوقۇ-
غۇچى»لارنى ھەقسىز سەيلە ـ ساياھەت قىلدۇردى.

ئەخمەت تۆمۈرنىڭ كۆڭلىدە پۈككەن ئارزۇلىرى
ئۈچۈن يەنىلا پۇل، مەبلەغ كېرەك، ئەلۋەتتە. شۇنداق
قىلىپ ئەخمەت يەنىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنىڭ يولى ھەققىدە
ئىزدەندى. ئۇ ئەينى چاغلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:
«سودىغا قەدەم قويغان سەككىز يىللىق مۇساپەمدە ئۆگە-
نىش، ئۈچۈر ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بەردىم. يەھۇدىيلارنىڭ
سودا دەستۇرلىرىغا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرۈپ كاللامدا
يەنە يېڭى پىلان پەيدا بولدى. يەھۇدىيلاردا ‹باي بولاي
دېسەڭ، زىبۇزىننەت سودىسى قىل› دەيدىغان گەپ بار
ئىكەن. ئۇلار يەنە قىممەت باھالىق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى-
نى ساقلاشنى بايلىقنىڭ ئۆلچىمى قىلىدىكەن. شىنجاڭدىكى
قىز ـ چوكانلىرىمىز ئەلمىساقتىن تارتىپ بېزەك بۇيۇملىرىنى
ياخشى كۆرىدىغۇ! ئالتاينىڭ ئالتۇن ـ ياقۇتى، خوتەننىڭ
قاشتېشى دۇنياغا مەشھۇرغۇ! ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ
تۈرتكىسىدە، خەلق تۇرمۇشى تېز ياخشىلىنىۋاتىدۇ. 1993 ـ
يىلى ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئالتۇن ئىستېمال قىلىش سەۋىيىسى
دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى، مەنمۇ يەھۇدىي-
لارنىڭ سودا دەستۇرىدىن پايدىلانسام بولغىدەك دېگەن
ئوي بىلەن سەممىي ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىككى
جايدا ياقۇت پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردۇم، شىنجاڭدا
ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنى ئاچتىم، مەن ئۈچۈرغا ئاسا-
سەن شىنجاڭدىن چىقىدىغان يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار
ئاساس قىلىنغان گۈزەل سەنئەت خاتىرە بۇيۇملىرى
ئىشلەپ چىقىرىشنىمۇ ئويلىشىۋاتىمەن.»

ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىت سودىسى
ئۇنى خەلقئارا بازارلارغا رەسمىي ئېلىپ كىردى. ئۇ
ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان،
تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، روسى-
يە، ئۇكرائىنا، سىنگاپور، مالايشىيا، تايلاند، ھىندىستان،
شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا باردى.
ئۇ شىركەت كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، باش شىركەت
قارمىقىدا ئوندىن ئارتۇق تارماق شىركەت قۇردى. بۇلار
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقالغاندىن سىرت، قومۇلدىكى
بىرىنچى مېۋىلىك باغ ۋە ئىككىنچى مېۋىلىك باغنىڭ كۆ-
لىمى ئەڭ زور بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى
2500 مودىن ئاشىدۇ. مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخ سانى
20 تۈمەن تۈپتىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۇنياغا مەشھۇر
قومۇل چىلىنى، ئۈزۈم، ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك،
شاپتۇل... قاتارلىقلار بار. 380 تۈمەن يۈەن مەبلەغ
سېلىپ قۇرغان ئۈرۈمچى «شاھانە شادلىق باغچىسى»دا
بولسا بۈك ـ باراقسان ئورمان قاپلاپ تۇرىدۇ، باغ ئى-
چىدە ئارامگاھ ئايلانما ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ،
200 كۋادرات مېتىرلىق بېزەلگەن پائالىيەت زالى، مۇزىكا
زالى، رېستوران، كارا OK زالى، قەھۋەخانا، شاھمات،
بىليارتخانا قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى ھەر
مىللەت ساياھەتچىلىرىگە ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇلار
خۇش پۇراق گۈللەر، رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ نۇرى ئى-
چىدە لىرىك مۇزىكىلاردىن بىمالال ھۇزۇرلانغاندىن
سىرت، شىنجاڭنىڭ ھەر خىل مەززىلىك تائاملىرىدىن، جە-
نۇبىي ۋە شىمالىي جۇڭگونىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە
ئىگە قورۇملىرىدىن يەتكىچە ئوزۇقلىنىدۇ.

ئەخمەت تۆمۈر باغ ئىچىدە يەنە 10 تۈمەن يۈەن

مەبلەغ سېلىپ ئۇيغۇر كىلاسسىك 12 مۇقامنى رەتلىگەن پېشۋا ئامانىنسا خېنىم، ئالىم، تىلشۇناس يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەخمۇت قەشقىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزدى.

1993 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن بىرلىشىپ ئۈچىنچى قېتىملىق لالىگۈل سەيلىسى پائالىيىتى مانا مۇشۇ باغدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئەخمەت تۆمۈر مانا مۇشۇ باغدا، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. مانا مۇشۇ باغدا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاتاقلىق زاتلارنى ۋە سودىگەرلەرنى كۈتۈۋالدى، رەھبەرلەر ۋە زاتلار ئەخمەت تۆمۈرنىڭ بۇ چوڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى.

ئەخمەت تۆمۈر ئۆزىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ھاياتىدا باغچا ساياھەتچىلىكى بىلەن شىركەت بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن مۇكەممەل سودا سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.

ئۇ سودا جەھەتتە تورنى قايىنام بازارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا كەڭ يايغان بولسا، سەيلە ساياھەتچىلىكنى مەركىزى شەھەرلەرگە، جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى بەلەن ئورۇنلارغا مەركەزلەشتۈردى. ئۇ بۇ جەرياندا جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن چەت ئەل مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن قەدىمىي ئاسار ئەتىقە يىغىپ ساقلاش كەسپىنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى، قەيەردە، قايسى دۆلەتتە ۋە رايوندا ئەڭ ئەھمىيەتلىك، قەدىمىي سەنئەت ئەسرى ۋە سەنئەت بۇيۇمى بولىدىكەن، قانچە پۇل ياكى قانچىلىك بەدەل تۆلىنىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى يىغىپ توپلاپ ساقلىدى.

قۇرۇق قول بىلەن ئىش باشلىغان ئەخمەت تۆمۈر ئەقىل ئىشلىتىپ، چىدام ۋە غەيرەت بىلەن جاپالىق ئىزدىنىپ، يول تېپىپ ئىلگىرىلەپ بۈگۈنكى كۈندە پۇللۇق بايغا ئايلاندى. يەنى ئۇنىڭ چەت ئەللىك كەسپداشلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «ئوتتۇرا ئاسىيادا نامى بار چوڭ سودىگەر»گە ئايلاندى، خەلقئاراغا يۈزلەنگەن ياش ئۇيغۇر كارخانىچى بولالىدى، بۇ كىشىنى نەقەدەر ھاياجانغا سالىدۇ ـ ھە!

**جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ خۇسۇسىي يىغىپ ساقلىغۇچى**

1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندىكى «خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئۇچۇر گېزىتى»نىڭ ھەپتىلىك ئالاھىدە بېتىگە مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلدى. «ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان يىغىپ ساقلىغۇچى ئەخمەت تۆمۈر ئالدىنقى كۈنلىرى خەينەندە ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ نۆۋەتلىك خۇاشيا خەلق ئىچىدىكى يىغىپ ساقلاش بۇيۇملىرى سەنئەت بايرىمىنىڭ ئاخبارات ـ تەشۋىقات ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى، يىغىپ ساقلاش ساھەسىدىكى كەسپداش دوستلار بىلەن تېخىمۇ ياخشى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئۆزى شەخسىي نەچچە تۈمەن يۈەن پۇل خەجلەپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغىپ ساقلىغان قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى ئايروپىلان ئارقىلىق خەيكۇغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

بۇ خەزىنە مەدەنىيىتىگە قىزىققۇچى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان يىغىپ ساقلاش مۇتەخەسسىسىنىڭ ساقلىغان بۇيۇملىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى يىغىپ ساقلاش ساھەسىدىكىلەر ئۇنى: «خۇسۇسىي يىغىپ ساقلاش تارىخىدىكى ئەڭ داڭدار شەخس» دەپ ئاتىدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەر ئىچىدە جېڭ بەنچياۋ، شى تاۋ، رېن بونيەن، جاڭ داچيەن... قاتارلىق رەسىم، ھۆسنخەت ئۇستىلىرىنىڭ 200 گە يېقىن مەشھۇر ئەسىرىنىڭ ھەقىقىي قول يازما نۇسخىسى ۋە ئەرەبىستاننىڭ قوي تېرىسىگە سىزىلغان رەسىملىرى قاتارلىقلار بار. بۇ قېتىم يەنە ئۇزۇنلۇقى 261 مېتىر كېلىدىغان «مودەن» ناملىق چوڭ تىپتىكى رەسىممۇ (بۇ رەسىم 1996 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دۇنيا جىنىس رېكورتى قامۇسىغا تاللانغان ـ ئا) بار بولۇپ، رەسىمدە 600 خىل شەكىلدىكى ھەر خىل مودەننىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى يىغىپ ساقلاش مۇتەخەسسىسلىرى بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى».

مۇشۇ مەزمۇندىكى خەۋەرلەر يەنە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە رادىئو ئىستانسىلىرىدا ئاڭلىتىلغاندىن سىرت «جۇڭگو خۇاڭجىن گېزىتى»، «يىنچۈەن كەچلىك گېزىتى»، «خەيكۇ كەچلىك گېزىتى»، «ئۇچۇر ئەتىگەنلىك گېزىتى»... قاتارلىقلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى.

1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈندىكى «جۇڭگو خۇاڭجىن گېزىتى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «نەچچە ۋاقىتنىڭ ئالدىدا خەيكۇدا ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ نۆۋەتلىك خۇاشيا يىغىپ ساقلاش سەنئەت بايرىمىغا ئەخمەت تۆمۈر ئىسىملىك شىنجاڭلىق ئۇيغۇر يىغىپ ساقلاش مۇتەخەسسىسىمۇ قاتناشتى. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن نەچچە تۈمەن يۈەن پۇل خەجلەپ، ئۆزىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغىپ ساقلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىممەت باھالىق بۇيۇملىرىنى ئايروپىلان ئارقىلىق خەيكۇغا ئېلىپ كەلدى... ئۇنىڭ بۇ ئىشى ۋە كۆرگەزمىگە قويۇلغان قىممەت باھالىق بۇيۇملىرى باشقا يىغىپ ساقلىغۇچى دوستلىرىنىڭ قىزىق نۇقتا پارىڭىغا ئايلانغان ئىدى، خەنزۇ مەدەنىيىتىگە قىزىققۇچى بۇ ئاز سانلىق مىللەت يىغىپ ساقلىغۇچىنىڭ يىغىپ ساقلىغانلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ... بۇلار كۆرگەزمىگە قاتناشقۇچى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويىدى.

تۆمۈر (ئەخمەت تۆمۈرنى دېمەكچى — ئا) بۇ يىل 57 ياشتا بولۇپ، ئۇيغۇر خان جەمەتى سودا باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە يىغىپ ساقلاش پەقەت ئۇنىڭ ھەۋىسى (قىزىقىشى) بولۇپ، قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشتا ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور ئىكەن. 1996 - يىلى ئۇ مەركىزىي سودا ئۆمىكى بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىپ ھىندىستاننىڭ زۇڭلىسى ۋە نېپالنىڭ باش مىنىستىرى قاتارلىق دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ خان جەمەتى سودا باش شىركىتى سىنگاپور، پاكىستان، مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەردە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، بۇنىڭغا قارىتا يەنە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شياڭگاڭدا چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش ۋە يىغىپ ساقلاش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى نامايەندە قىلىشتىكى تۆھپىسىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى...»

دېمىسىمۇ، ئەخمەت تۆمۈرنىڭ يىغىپ ساقلاش جەھەتتە شان - شۆھرىتى ھەمدە يىغىپ ساقلىغان مەدەنىيەت، سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ سانى، كۆلىمى ۋە قىممىتى جۇڭگودىكى كەسپداشلىرىنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسساملىرىدىن غازى ئەھمەد، ئابدۇشۈكۈر كېرەملەرنىڭ بىر قىسىم داڭلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى، خەتتاتلىرىمىزدىن نىياز كېرىم، ئەكبەر غوجا ئەخمەت ھاجىنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەقىقىي قول يازمىلىرى، خەن، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قاشتېشى، يىپەك - كەشتە، چىنە بۇيۇملىرى ۋە پۇل، پوچتا ماركىلىرى بىلەن بىللە ئەخمەت تۆمۈرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. ھەتتا كاڭشى لۇغىتى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىلىرىنىمۇ ئەخمەت تۆمۈر يىغىپ ساقلىغان ئەسەرلەر ئىچىدىن تاپقىلى بولىدۇ. قىسقىسى، ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 250 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىسكىلاتىدا 20 نەچچە يىلدىن بۇيان بىر ياقتىن سودا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر ياقتىن جاپالىق ھالدا قېزىپ توپلىغان تۈمەن نۇسخىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت، رەسىم ئەسىرى، 1000 خىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ساقلانماقتا.

ئېلىمىزنىڭ جۇڭگوچە رەسىم سىزىش ساھەسىدىكى ئاتاقلىق ئەربابى گۇەن شەنيۇ ئەخمەت تۆمۈر يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملارنى كۆرۈپ: «خۇسۇسىي يىغىپ ساقلاش ساھەسىدە، ئەخمەت تۆمۈر دۇنيادىكى ئەڭ داڭدار شەخس» ئىكەن دەپ ماختىغان («شىنجاڭ ئېلانچىلىقى» گېزىتى 1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى سانىدىن) «ئاۋمېن كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ 1996 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانىدا ئەخمەت تۆمۈرگە نىسبەتەن يىغىپ ساقلاش ساھەسى ۋە گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكى ئەربابلارنىڭ «جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئاسارە ئەتىقە يىغىپ ساقلىغۇچى» دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئەخمەت تۆمۈر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «... مېنىڭ ئىزدىنىش نىشانىم خۇسۇسىي يىغىپ ساقلاش ساھەسىدە جىننىس دۇنيا رېكورتىنى يارىتىش.»

## ئەخمەت تۆمۈرنىڭ شۆھرىتى ۋە مۇھەببىتى

ئەخمەت تۆمۈر قۇرۇق قول بىلەن بازار قاينىمىغا كىرىپ، ئىزدىنىپ يول تېپىپ بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتئىچى ۋە سىرتىدىكى كاتتا ئەربابقا، يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە شەخسكە ئايلاندى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ ئۆز خەلقىنى، ئانا يۇرتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ تاپقان پۇلنى بىر ياقتىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرى ئۈچۈن قانداق خەجلەش ھەققىدە پىلان تۈزسە، يەنە بىر ياقتىن يىغىپ ساقلاش ساھەسىدە دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىش ئۈچۈن مەبلەغ سالدى. يىغىپ ساقلاش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى قىزىقىش دېيىلسىمۇ، مەزمۇنىنىڭ يەنە بىر تەرىپى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئاز - تولا تارىخ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇ يەنە بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ چوڭ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، خەلقى، ئانا يۇرتى ئەخمەت تۆمۈرنىڭ قەلبىدە ھەر ۋاقىت مۇھەببەت ئوتىنى يالقۇنجىتىپ تۇرىدۇ.

قومۇل ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئاراتۈرۈك نا-

ھيسسىنىڭ ئەڭ يىراق يېزىلىرىدىن بىرى بولغان نوم يېزىسىدا «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» باشلانغۇچ مەكتىپى تەسىس قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەخمەت تۆمۈر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «بالىلار ۋەتەننىڭ غۇنچىلىرى، شۇنداقلا ئەتىنىڭ ئۈمىدى ۋە كېلەچىكى. مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كېيىنكى ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىمىز مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك.»

دەرۋەقە ئەخمەت تۆمۈر دېگىنىنى ئەمەلىيىتىدە قىلدى. ئەخمەت تۆمۈر «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» ئۈچۈن قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا 20 مىڭ يۈەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

بەزىلەر ئۇنىڭدىن «سەن ھازىر ئۈرۈمچىدە نامى بار خۇسۇسىي كارخانىچى بولۇپ قالدىڭ، بىراق بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۈگۈنكى كۈندە پۇل تېپىشمۇ ئاسان ئەمەس، شۇنچىۋالا پۇلنى قۇمۇلغا بېرىش ئەرزىمدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «قۇمۇل مېنى تۇغۇپ ئۆستۈردى، مەن ئەمدىلا پۇل تېپىشقا باشلىغان ۋاقتىمدىلا ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەنمەن...» دەيدۇ.

سەممىي، ئاق كۆڭۈل، ھەقىقىي ئادەملىكى بار كىشىلەرنىڭ يۈزى ھامان يورۇق بولىدۇ، ئەخمەت تۆمۈر ئەنە شۇنداق قىلدى، ئۇ تۈرلۈك جەمئىيەتلەرگە، مەكتەپلەرگە، يېتىملارغا پۇل ئىئانە قىلدى.

1993 - يىلى ئۇ گوۋۇيۈەننىڭ «تەنتەربىيىنى جەمئىيەت باشقۇرۇش، تەنتەربىيىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، شىنجاڭ ۋالىبول كوماندىسىنى يۆلەش قارارىغا كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى پىلانىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەخمەت تۆمۈر تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن «شىنجاڭ ئەرلەر ۋالىبول كوماندىسى»نىڭ نامىنى «شاھانە شادلىق سودا شىركىتى» ئەرلەر ۋالىبول كوماندىسىغا ئۆزگەرتىش؛ شىركەت كوماندىسىغا مەشىق ۋە مۇسابىقە خىراجىتى ئۈچۈن ھەر يىلى 30 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بېرىش، خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتى كەلگەندە، پۇلنى يېتەرلىك كۆپەيتىپ بېرىش؛ كوماندىنىڭ ھازىرقى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 8 - ئورۇنلۇق سەۋىيىسىنى ئىككى يىلدا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىلىك كوماندىلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈش، شىنجاڭ بويىچە بىرىنچىلىك ئورنىنى قولدىن بەرمەسلىك قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە توختامنامە ئىمزالىدى ھەمدە ئەمەلىيەتتە كوماندىنى 30 مىڭ يۈەن بىلەن قازاقىستاندا مەشىق، ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. كوماندا ئىككى ئايدىن كېيىن قازاقىستان دۆلەتلىك ۋالىبول جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن ۋالىبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ۋالىبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا ئەخمەت تۆمۈر جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

ئەخمەت تۆمۈر پۇل تېپىشتىلا پەزىلەتلىك ئەركەك بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۇل خەجلەشتىمۇ ئۆزىگە خاس ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر ئوغلانى، ئۇ تاپقان پۇلنى قەيەرگە، قانداق خەجلەشنى بىلىدۇ.

ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ساخاۋەتلىك ئىشلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ يەنە بېيجىڭدا نەشر قىلىنىدىغان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، شىنجاڭ خەلقئارالىق شاھماتچىلار جەمئىيىتى، گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ھەر يىلى ئىقتىساد ئاجرىتىپ ئىئانە قىلدى.

ئەخمەت تۆمۈر ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو مىللىي سودا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ پەخرىي مەسلىھەتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋالىبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلقئارالىق شاھماتچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭخۇا يىغىپ ساقلاش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە ئەخمەت تۆمۈر يەنىلا توختىماي ئىزدىنىپ، سودىدا روناق تېپىپ، ئەل ئارىسىدا يۈز تېپىپ ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ئەلگە قىلغانلىرى ئەل كۆرىدىكەن، داڭلىق يازغۇچى نەن فۇ «ئەخمەت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ جەمەتى» ناملىق 70 مىڭ خەتتىن ئارتۇق چوڭ ھەجىملىك كىتاب يېزىپ چىقتى، بۇ كىتاب «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا سانلارغا بۆلۈپ ئېلان قىلىندى.

(ئاپتور: «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)



# دادام ئېيتقان چۆچەكلەر

دۆ بلەن هۆ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئوتۇنچى بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئوتۇنچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە لازىمەتلىكلىرىنى ئېشىكىگە ئارتىپ ئوتۇن كېسىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا بىر سۇدىن كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەپتۇ. سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئېشەكنىڭ پۇتى لايغا پېتىپ قېلىپ زادىلا ماڭالماي قاپتۇ. بوۋاي ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىدىن تارتىپتۇ، لېكىن ئېشەك بارغانسېرى لايغا پېتىشقا باشلاپتۇ - دە، بىر چاغدا چۇلۇۋۇر ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي ئېشەكنى قۇتقۇزۇشنىڭ قايغۇسىدا ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تارتقان ئىكەن، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىمۇ ئۈز قولىدا كۆرۈنۈپتۇ. تۇيۇقسىز كەلگەن كۈچلۈك سۇ ئېشەكنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يېقىن ياردەمچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بوۋاي ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىنى بېلىگە باغلاپ، قۇيرۇقنى قوينىغا سېلىپ، قېتىق قاچىلانغان قاپاقنى دۈمبىسىگە ئارتىپ، پالتا - ئورغاقلىرىنى كۆتۈرۈپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، قۇش ئۇۋىلىرى چۇۋۇلۇپ ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان چۆجىلەر يەردە جان تالىشىپ ياتقۇدەك. بوۋاي بۇگۈن يولۇققان ئالامەتلەردىن ئەجەبلىنىپ چۆجىلەرنى قوينىغا سېلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىس - تۈتەكلىك قارا بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. بوۋاي بىر ئىشنى پەملىگەندەك قىلىپ ئورغاق، قاپاق، ئارغامچىلىرىنى كۆمۈپ قويۇپ تۇرۇشقا بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىغان، ئۆككۈردەك كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان، بۇرۇنلىرى قاپقارا مەشتەك، ئۈستۈنكى كالپۇكى ئاسمانغا، ئاستىنقى كالپۇكى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان، تۇۋرۇكلەردەك نۇرغۇن پۇت - قوللىرى بار، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇق كۆز ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. بۇ غەلىتە كۆرۈنۈشتىن ئوتۇنچىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بوپتۇ، ھېلىقى مەخلۇق:

— ھوي! كىمسەن؟! — دەپ گۈلدۈرلەپتۇ. لېكىن ئوتۇنچى قورققانلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

— ئۆزۈڭ كىمسەن!؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوئال قويۇپتۇ يۇقىرى ئاۋازدا. ھېلىقى مەخلۇق:

— مەن دېگەن دۆ! — دەپتۇ كېرىلىپ تۇرۇپ. ئوتۇنچى:

— سەن دۆ بولساڭ مەن دېگەن ھۆ! — دەپتۇ تېخىمۇ قاتتىق ھەيۋە قىلىپ، بۇ جاۋابقا دۆ ھەيران قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۆ بىلەن ھۆ گەپ تالىشىشقا باشلاپتۇ. قايسىسىنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزئارا كۈچ سىناشماقچى بولۇشۇپتۇ.

— قېنى، قايسى ماھارەت بىلەن سىنىشىمىز؟ — دەپتۇ دۆ مەمەدانلىق قىلىپ. ئوتۇنچى سالماقلىق بىلەن:

— زېمىنىنىڭ ئۈچىينى چىقىرىشتىن باشلايلى، — دەپتۇ.

— ھا ... ھا... ھا... شۇنداقمۇ؟ ئاۋۋال سەندىن كەلسۇن، — دەپتۇ دۆ. ئوتۇنچى بىر سەكرەپلا كۆمۈپ قويغان ئارغامچىنى پۈتى بىلەن ئىلىپ ئاسمانغا شۇنداق ئاتقان ئىكەن، ئارغامچا دۆنىڭ بويۇن - باشلىرىغا چىرمىلىپ كېتىپتۇ. دۆ چۆچۈپ كېتىپ:

— ئەمىسە قاراپ تۇر، — دەپ سەكرەشكە باشلاپتۇ. يەر - جاھاننى تىترىتىپ شۇنچە سەكرەپمۇ، زېمىننىڭ ئۈچىينى چىقىرالماپتۇ. ھالسىزلانغان دۆ:

— بوپتۇ، بۇ قېتىم سەن يەڭگەن بول، يەنە بىر قېتىم باشلايلى، — دەپتۇ، ئۇلار بۇ قېتىم زېمىننىڭ قوۋۇرغىسىنى چىقىرىشتىن بەسلەشمەكچى بوپتۇ. بۇ قېتىم دۆ ئاۋۋال مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ئۇ شۇنداق دەھشەت بىلەن نەرە تارتىپ سەكرەپتۇكى، يەر - زېمىن گۈلدۈرلەپ تەۋرەپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ سۈرىدىن ئوتۇنچىنىڭ يۈرەكلىرى ئېغىپ كېتىپتۇ. لېكىن دۆ زېمىننىڭ قوۋۇرغىسىنى چىقىرالماپتۇ. دۆ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي:

— قېنى، نۆۋەت بولساڭ سەن چىقىرىپ باققىنا، — دەپتۇ. ئوتۇنچى بىر سەكرىگەندەك قىلىپلا كۆمۈپ قويغان ئورغاقنى پۈتى بىلەن ئىلىپ ئاسمانغا ئېتىپتۇ، ئورغاقنىڭ بىسلىرى قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقناپ پىرقىراپ كېلىپ دۆنىڭ بىر قۇلىقىنى «شارت» قىلىپ كېسىپ يەر يۈزىگە قاڭقىپ چۈشۈپتۇ. دۆ قورققىنىدىن غال - غال تىترەپتۇ. دۆنىڭ قۇلىقىدىن قان ئېقىشقا باشلاپتۇ. دۆ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئوتۇنچىنىڭ ئالدىدا ھالاك بولۇشتىن ئەنسىرەپ:

— مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم، ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر باشلايلى. بۇ قېتىممۇ يېڭىۋالساڭ مەن ساڭا باش قوياي، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا بۇ قېتىم زېمىننىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىشتىن باشلايلى، — دەپتۇ ئوتۇنچى. ئەخمەق دۆ ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل بوپتۇ. زېمىننىڭ مېڭىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەن دۆ ئاۋۋال مەيدانغا چۈشۈپ ئۇ يەر، بۇ يەرگە پۇتلىرى پېتىپ كەتكىدەك سەكرەپمۇ زېمىننىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرالماپتۇ. دۆنىڭ ھەيۋىسىدىن تاغلار غۇلاپ ئورمانلىقتىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى قاراسلاپ سۇنۇشقا باشلاپتۇ. دۆ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— نۆ ... ۋەت، ساڭا... كەل... دى...، — دەپتۇ. ئوتۇنچى قاپاقنى كۆمۈپ قويغان جايغا كېلىپ، بىر قاتتىق سەكرىگەنىكەن، ھېلىقى قاپاقتىكى قېتىق ھومىيىپ قاراپ تۇرغان دۆنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە چاچراپ چىقىپتۇ. بۇ كارامەتنى كۆرگەن دۆ ھەيرانۇھەس قېلىپ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس قاپتۇ. بېشىدىن سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك تەنلىرى شۈركىنىپ كېتىپتۇ ھەمدە تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— ھۆ ئاكا، سىزگە باش قوياي، دوست بولۇشايلى، — دەپتۇ. ئوتۇنچى:

— مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرەي، بۇ قېتىم ئاسانراق قولتۇقىمىزنىڭ تۈكىنى يۇلۇپ سېلىشتۇرۇپ باقايلى، قايسىمىزنىڭ قالتىسكىن، قانداق؟ — دەپتۇ. دۆ «ھۆنىڭ جۇغى كىچىك بىر نېمە تۇرسا قانچىلىك تۈكى بولماقچىدى؟ بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان ياخشى بىر پۇرسەت كەلدى»، دەپ ئويلاپ ئوتۇنچىنىڭ تەكلىپىگە يەنە ماقۇل بوپتۇ ھەمدە قولتۇقىدىن غۇلاچ - غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى تۇم - تۇم تۈكلەرنى يۇلۇپ يەرگە تاشلاشقا باشلاپتۇ. ئوتۇنچى قوينىغا سېلىۋالغان ھېلىقى ئېشەك قۇيرۇقىنى قولتۇقىدىن «شارت» قىلىپ يۇلۇپ چىقارغان ئىكەن، دۆ ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئەھۋالنى «چاتاق» دەپ پەملەپ، ئوتۇنچىنى ئۆيىگە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئوتۇنچى بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى شۇنچە ئىزدىسىمۇ، لېكىن قۇتۇلالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر قولىقىدىن ئايرىلغان دۆ ئوتۇنچى بوۋاينى ھاپاش ئېتىپ ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ماڭا - ماڭا مەنزىلگە يەتكەندە، دۆ ئوتۇنچى بوۋاينى يوغان بىر ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كىرىپتۇ ھەمدە باشقا دۆلەرگە: «ئاجايىپ كارامەتكە ئىگە ھۆ دېگەن مەخلۇق ئىكەن...» دەپ تونۇشتۇرۇپ، بولغان ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە بارلىق مۇلازىملىرىنى ئىشقا قويۇپ كارامەتلىك ھۆگە داستىخان سالىپتۇ. ئوتۇنچى بوۋاي قارىغۇدەك بولسا، تۈرلۈك ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان تائاملار كالا، تۆگە گۆشلىرىدىن تارتىپ توخۇ - توشقان گۆشلىرىگىچە پۈتۈن - پۈتۈن كەلتۈرۈلۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چولڭ- كىچىك دۆلەر بولسا ھۆنىڭ غىزا يېيىش كارامىتىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ قىستىلىشىپ قاراپ تۇرغۇدەك. ئوتتۇنچى بۇ ئالامەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپتۇ- دە، بىر بۇردا ناننى ئېغىزىغا سېلىپ تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن:

— بۇ نانىنىڭ تۇزى تېتىماپتۇ، يېگىلى بولمىغىدەك، — دەپتۇ. دۆلەر تەمتىرىشىپ يۈرۈپ يەنە باشقا نانلارنى كەلتۈرۈپتۇ. ئوتتۇنچى بۇ نانلارنىمۇ قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

— بۇ نانلار كۆيۈپ كېتىپتۇ، يېگىلى بولمىغىدەك، — دەپتۇ. گۆشلەردىن بىرىمۇ بىر تېتىپ چىققاندىن كېيىن:

— بۇ گۆشلەر بەك يۇمشاق ئىكەن، سىلەر مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يەمسىلەر ؟!... — دەپ خىرىس قىلغاندەك ھۆرپىيىپتۇ. دۆلەر ساراسىمگە چۈشۈپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تىزلىنىپتۇ. ئوتتۇنچى بوۋاي:

— بۇ غىزالارنى ئېيىق، يولۋاس دېگەندەك ئۇششاق جانىۋارلارغا يېگۈزۈۋېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ.

شۇ تەرىقىدە كەچ كىرىپتۇ. دۆلەر ئوتتۇنچىنى قونۇپ قىلىشقا زورلاپ زادىلا كەتكىلى قويماپتۇ ۋە «ساراي»نىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇن راسلاپتۇ. ئوتتۇنچى ئاڭلىغۇدەك بولسا، مارىلاپ تۇرغان دۆلەر:

— ھۆنى بۈگۈن كېچە ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىسەك، بىزگە كۈن يوقتەك قىلىدۇ ... — دەپ پىچىرلىشىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ قوندۇرۇپ قىلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەنگەن ئوتتۇنچى:

— مەن تالادا قونىمەن. ئاي- يۇلتۇزلار مېنى كۆرمىسە ئۆچۈپ كېتىدۇ، — دەپ تۇرۇۋېلىپ تالاغا ئورۇن راسلىتىپتۇ. ھەممىسى غەرق ئۇيقۇغا كەتكەندە ئوتتۇنچى يېقىنلا ئەتراپتا تۇرغان تۇلۇقنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئۇخلاپ ياتقان بىر مۈشۈكنى تۇلۇققا باغلاپ ئۆزى بىر دالدا جايدا ئولتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچە بولاي دېگەندە دۆلەر غەلتە قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ «ھۆ»نىڭ ياتقان يېرىنى ئۇرۇپ دۇمبالاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ھەر بىر قېتىم ئۇرغاندا باغلاپ قويغان ئۇيقۇدىكى مۈشۈك: «پىخ...»، «پىخ...» قىلىپ خارقىراپتۇ. دۆلەر تاكى مۈشۈكنىڭ ئاۋازى ئۆچكىچە دۇمبالاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن:

— ھۆ ئۆلدى ...

— چانىۋەتتۇق ... — دېيىشىپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئوتتۇنچى بولسا يەنە ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئۇخلىغاندەك يېتىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا دۆلەر «ھۆ»نىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ. ئوتتۇنچى بوۋاي بولسا، كېرىلىپ ئەسنەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. دۆلەر ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئۈپۈر- تۈپۈر بولۇشۇپتۇ. بوۋاي:

— يائاللا ... كېچىچە پىت چېقىپ ئۇخلاتمىدىغۇ مېنى ... — دەپ، ئورمانلىقتا ئېلىشىۋالغان ھېلىقى قۇش چۈجىلىرىنى قويندىن ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاتقان ئىكەن، بۇ «پىت»لارنىڭ چوڭلۇقىدىن قورقۇپ كەتكەن دۆلەر پاتىپاراق بولۇشۇپ تەرەپ- تەرەپكە قېچىشىپتۇ. ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي:

— بىز ئۆزىمىزنى شۇنچە قالتىس چاغلاپ يۈرسەك، بۇ راستىنلا ئاجايىپ كارامىتى بار مەخلۇق ئىكەن ...

— جۇغى كىچىك بولغىنى بىلەن بەك قالتىسكەن ...

— بولدى، بولدى، قول قويدۇم. بۇنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتەيلى. ئىككىنچى قېتىم يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنايلى ... — دېيىشىپتۇ. بوۋاي ئۆزۈم كېتەمەن دېسىمۇ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ھاپاش ئېتىپ قوشۇن تۈزۈپ يولغا چىقىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، دۆلەر چىلىق- چىلىق تەرگە چۆمۈپتۇ. قورساقلىرى ئېچىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ئاران دېگەندە بوۋاينىڭ كەپىسى ئالدىغا كەپتۇ. بوۋاي دۆلەرنى تالادا تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ بىر ھازادىن كېيىن ئايالىنى باشلاپ چىقىپتۇ. دۆلەر: «ھۆلەر ئىككى بولىدىغۇ ئەمدى ؟» دېيىشىپ «پارت»لا قىلىپ قاچىدىغاندەك دىڭ تۇرۇشۇپتۇ. ئوتتۇنچى بوۋاي ئايالىغا:

— خوتۇن، بۇ مېنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىم، بۇلارغا تاماق ئەتكىن، — دەپتۇ. ئوتتۇنچىنىڭ ئايالى مەسلىھەت بويىچە:

— تاماققا ئاق دۆنىڭ يوتىسىدىن كېسەيمۇ، قارا دۆنىڭ يوتىسىدىن كېسەيمۇ، — دەپ خەنجەرنى چىقارغان ئىكەن، قورقۇپ كەتكەن دۆلەر كەينىگىمۇ قارىماي بەدەر قېچىشقا باشلاپتۇ. ئوتتۇنچى:

— دۆلەر!... توختاڭلار!... ھاي... توختاڭلار!... — دەپ تۇۋلىغانسېرى ئۇلار تېخىمۇ تېز يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ.

## تىر- تىر قوزام

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر موماي ئۆتكەن ئىكەن. بۇ مومايىنىڭ ناھايىتى ئوماق، تۈكلىرى ئاپئاق بىر قوزىسى بار بولۇپ، موماي بۇ قوزىنى «تىر- تىر قوزام» دەپ چاقىرىدىكەن. موماي قوزىسىغا ھەر كۈنى سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن ھەمدە يايلاقنىڭ ساپ ھاۋاسىدا بولۇق ئۆسكەن يۇمران ئوت- چۆپلەرنىڭ ئۇچىدىن ئەكېلىپ بېرىپ باقىدىكەن. ھەر كۈنى موماي ئۆيىدىن چىققىچە قوزىسىغا:

— جېنىم قوزام، ئىشىكنى ئىچىدىن چىلىڭ تاقاپ ئولتۇر. مەندىن باشقا ھېچكىمگە ئىشىكنى ئاچمىغىن. مەن

قايتىپ كەلگەندە:

«تىر ـ تىر قوزام تىر قوزام،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
تىر ـ تىر قوزام تىر قوزام،
سۇنىڭ سۇزۇكىنى ئەكەلدىم، ئىشكنى ئېچىڭ»دەپ

ئۈچ قېتىم تەكرارلايمەن. شۇ چاغدا ئىشكنى ئاچساڭ بولىدۇ،— دەپ تاپىلاپ قويۇپ بۇلاق بېشىغا كېتىدىكەن. قوزىچاقمۇ موماي قايتىپ كېلىپ بۇ قوشاقنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىسا ئاندىن ئىشكنى ئاچىدىكەن، قوزىچاق تېمەن، ساغلام ئۆسۈپ سەمرىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قوزىچاقنىڭ پىيىغا چۈشكەن بىر بۆرە بۇ سۆزلەرنى دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ ئاڭلاپ قاپتۇ. دە، موماي بۇلاق بېشىغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئاۋازىنى مومايىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ تۇرۇپ:

«تىر ـ تىر قوزام تىر قوزام،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
تىر ـ تىر قوزام تىر قوزام،
سۇنىڭ سۇزۇكىنى ئەكەلدىم، ئىشكنى ئېچىڭ» —

دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوزىچاق:

— سەن مېنىڭ مومام ئەمەس، ئىشكنى ئاچمايمەن، — دەپتۇ.

— مەن سېنىڭ موماڭ قوزام، بۇ قوشاقنى ئىككىمىزدىن باشقا بىرسىنىڭ بىلمەيدىغانلىقى ئېسىڭدە يوقمۇ؟ — دەپتۇ بۆرە. قوزىچاق:

— مومامنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن يېقىملىق. سېنىڭ ئاۋازىڭ بەك غەلىتە ھەم سەت ئىكەن، يوقال! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئېچىرقاپ كەتكەن ھىيلىگەر بۆرە قوزىچاققا ھەدەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— جېنىم قوزام، مەن سېنىڭ ئۆز موماڭ. مەن بۈگۈن بۇلاق سۈيىنى كۆپ ئىچىۋېلىپ بەك قاتتىق ئاغرىپ قالدىم. شۇڭا ئاۋازىم پۈتۈپ قالدى ... ئىشكنى تېز ئاچقىن ... ئى ... ئى ... ئى ... — قوزىچاق بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ «مومام راستىنلا ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئىشكنى شۇنداقلا ئېچىشىغا، ياۋۇز بۆرە ئۆيگە سەكرەپ كىرىپ قوزىچاققا ئېتىلىپتۇ. بىچارە قوزىچاق ھەر قانچە تىپىرلاپمۇ بۆرىدىن قۇتۇلالماي، ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن موماي سۈزۈك بۇلاق سۈيى بىلەن تولدۇرۇلغان ياغاچ چېلەكنى، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۇچى بىلەن تولدۇرۇلغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ ھەمدە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

— تىر ـ تىر قوزام تىر قوزام،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
تىر ـ تىر قوزام تىر قوزام،
سۇنىڭ سۇزۇكىنى ئەكەلدىم، ئىشكنى ئېچىڭ» دەپ

قايتا ـ قايتا تەكرارلىسىمۇ، ئىشىك ئېچىلماپتۇ! قوزىچاقنى چاقىرسىمۇ ھېچ قانداق سادا چىقماپتۇ. موماي: «تىر ـ تىر قوزام ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ ...» دەپ ئويلاپ ئىشكنى ئاستا ئېچىپ قارىسا، ئۆينىڭ ئىچى قان بىلەن تولغان بولۇپ، قوزىچاقنىڭ ئۈچەي ـ بېغىرلىرى، باش ـ پاقالچاقلىرى چېچىلىپ تۇرغىدەك.

موماي بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەردىن ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى پەملەپتۇ ۋە ئاھ ئۇرۇپ ئەلەملىك ياش تۆكۈپتۇ. ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېقىن ھەمراھى تىر ـ تىر قوزىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. يىغلا ـ يىغلا ئاخىر بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن موماي ھېلىقى بۆرىنى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ. موماي ئوچاققا ئوتنى قالاپ قازاننى راسا قايناتقان چاغدا ئاچكۆز بۆرە مومايىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئاپتۇ. موماي:

— بۆرىۋاي، مەن سىزنى راسا ئوخشىغان تاماق بىلەن مېھمان قىلاي، — دەپ سۈپۈرا، نوغۇش، ئاشتاختىلىرىنى يېيىشقا باشلاپتۇ ۋە:

— سۈپۈرام پاتمىدى، نېرىراق ئولتۇرۇڭ، — دەپتۇ. بۆرە قازان تەرەپكە ئازراق سۈرۈلۈپتۇ. موماي يەنە:

— ئاشتاختام پاتمىدى، نېرىراق ئولتۇرۇڭ، — دەپتۇ. بۆرە يەنە ئازراق سۈرۈلۈپتۇ. موماي نوغۇشنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇمۇ پاتمىدى. يەنە ئازراق سۈرۈلۈڭ، — دەپتۇ. بۆرە ئاخىرى قازان بېشىغىلا كېلىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا موماي قايناۋاتقان قازانغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئاچكۆز بۆرىنى شۇنداق زەرب بىلەن ئىتتەرگەن ئىكەن، بۆرە قازانغا سەنتۈرۈلۈپ چۈشۈپ داد ـ پەرياد ئىچىدە قايناشقا باشلاپتۇ. موماي تۇۋاقنى بۆرە جىمىققىچە مەھكەم يېپىپتۇ ...

بۆرىنى ئۆلتۈرۈپ ئەنتىنى ئالغان موماي كۆڭ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بوپىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ياقا يۇرتلارغا كېتىپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خالىق رېھىم
توپلىغۇچى: رىسالەت خالىق
(قومۇل شەھەرلىك راھەتباغ ئوتتۇرا مەكتەپ)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كىلىياڭلىقلارنىڭ چۈش ئۆرۈش ئادىتى

توخسۇن ھۇسسىيىن ئەلقۇت

كىلىياڭ — گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بىر يېزا بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى (ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى) جەنۇبىي چېگرىسى ھازىرقى كەشمىرنىڭ لاداق دېگەن يېرىگە، غەربىي چېگرىسى قارا قۇرۇم تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە تۇتۇشاتتى①. يىپەك يولى بۇ جاي ئارقىلىق ھىندىستانغا تۇتاشتۇرۇلغان بولغاچقا، تارىختا غەربىي يۇرت (تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق، پوسكام، يەكەن... ناھىيىلىرى) بىلەن ھىندىستان، پاكىستان، كەشمىر... قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ مالغا مال ئالماشتۇرۇش، سودا - تىجارەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولغان②. شۇ سەۋەبتىن كىلىياڭدا كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل ئەنئەنە كۆز قاراش شەكىللەنگەن ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بەزىلىرى ئىستىخىيىلىك ھالدا كونىسى يېڭىسىغا ئورۇن بوشاتسا، بەزى خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى كۆپ يىللىق تارىخىي بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھېلىھەم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

كىلىياڭلىقلارنىڭ چۈش قارىشى ۋە چۈش ئۆرۈش ئادىتى يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە قەدىمكى ئەجدادلاردىن بۈگۈنكى كىلىياڭلىقلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت بولۇپ، كىلىياڭلىقلارنىڭ چۈشنى چوڭ بىلىش ئادىتى قاچاندىن باشلاپ شەكىللەنگەنلىكى ۋە قايسى دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياساپ، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىگە دائىر ئېنىق بىر ئىسپات بولمىسىمۇ، شۇ نەرسە ئېنىقكى، كىلىياڭلىقلار چۈش ۋە چۈش تەبىرىنى ئۆز تۇرمۇشىدىكى ئوت، سۇ، ئوزۇقلۇق ۋە ھاۋادىن قالسىلا مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ.

كىلىياڭلىقلاردا مەيلى چوڭلار بولسۇن ۋە مەيلى ياشلار بولسۇن (زور كۆپ ساندىكى) كۆرگەن چۈشىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ ئەتىسى ھەققىدە قىياسەن پەرەز قىلىش ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن: ئېزىق

چىشى چىقىپ كېتىپ چۈش كۆرسە ياكى ئۆينىڭ غەربىي تېمى ئۆرۈلۈپ كېتىپ چۈش كۆرسە ئائىلىسىنىڭ چوڭى، ئاساسلىقى بوۋىسى ياكى دادىسى قازا قىلىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لەگمەن ئېتىپ چۈش كۆرسە شۇ ئۆيدىكى بىرەيلەننىڭ ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىدۇ. سۈزۈك سۇغا چۆمۈلۈپ ياكى كېچىپ چۈش كۆرسە ئائىلىدىكى مەلۇم بىرەيلەننىڭ ئىشىنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، روياپقا چىقمىغان ئىشلىرىنىڭ قۇتلۇق نەتىجە بېرىدىغانلىقىغا باغلاپ ئۆزلۈكىدىن روھلىنىپ قېلىشىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرى خۇش چىراي ھالەتتە چۈشىگە كىرسە ئۇلارنىڭ باقىي ئالەمدە روھىنىڭ ئىنتايىن توق تۇرۇۋاتقانلىقىنى، خاپا چىراي ياكى چاچلىرى ئۆسكىلەڭ، كىيىم - كېچەكلىرى رەتسىز چۈشىگە كىرسە روھىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قاراپ، دەرھال ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ياكى ئەجدادىنىڭ روھىغا ئاتاپ بۇي سېلىش، ياغ پۇرىتىش ئادىتى ھېلىھەم داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

كېلىياڭلىقلاردا چۈش ۋە چۈشنىڭ ئوڭ - چەپكە تارتىشنى چۈش تەبىرىنىڭ قانداق بولۇشى بەلگىلەيدۇ دېگەن قاراشتىن باشقا يەنە، كىچىك كۆرگەن چۈشنى ئەتىگەنلىك بامداتتىن كېيىنلا (تاھارەتنى سۇنماستا) بەلىملىك، مويسىپىتلارغا ئۆرۈش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئەگەر چۈشكە ياخشى تەبىر بېرىلسە چۈش كۆرگۈچىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ ئۈمىدۋارلىققا تولىدۇ، ئەكسىچە چۈشكە ياخشى تەبىر بېرىلمىسە ئۈمىدسىزلىنىش، چۈشكۈنلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ چۈش ئىگىسى بەكمۇ بىئارام بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كېلىياڭلىقلاردا يەنە چۈش تەبىرىدىكى ئەنە شۇنداق يامان تەبىر بېرىش ئەھۋاللىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، چۈشنى چالمىغا ئۆرۈپ، باش ئۈستىدىن ئوڭغا ئۈچ، سولغا ئۈچ ئايلاندۇرغاندىن كېيىن تاشلىۋېتىش ئادىتى ساقلانغان بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى بامداتقا ئالغان تاھارەتنى سۇنماستا توپا تامنىڭ چالمىسىدىن گۇلە ياكى ياڭاقچىلىك چوڭلۇقتىكى چالمىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، كىچىكچە كۆرگەن چۈشنى چالمىغا تولۇق بايان قىلغاندىن كېيىن، باش ئۈستىدىن ئوڭغا ئۈچ، سولغا ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئادەم دەسسىمەيدىغان جايغا تاشلاش ئارقىلىق، كۆرگەن چۈشنىڭ خەيرلىك نەتىجە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كېلىياڭلىقلاردا چۈش ۋە چۈش تەبىرىنى چوڭ بىلىدىغان بىر خىل ئادەت يىراق ئەجدادلىرىمىزدىن باشلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، كېلىياڭلىقلارنىڭ بۇ خىل ئادىتى بىزنىڭ يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئىزاھات:

①، ② توخسۇن ھۇسېين ئەلقۇتنىڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 2006 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان «كېلىياڭ شىۋىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(ئاپتور: گۇما ناھىيە كېلىياڭ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)


## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۇگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991



كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى — ئىنسانلار ئەقىل - پاراستىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە، كىيىنىش ئادىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. كىيىنىش ئادىتى پەقەت ئىنسانىيەتكىلا خاس بولغان تىپىك ئېتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىنسانلار بەدىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ھەم زىننەتلەش رولىنى ئويناپ كەلگەن. شۇڭا كىيىم - كېچەك مەھسۇلاتلىرى بىر تەرەپتىن، ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە ماددىي بۇيۇم ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. كىيىم - كېچەك ھۈنەر - سەنئىتى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇنى تۇرمۇشتا پايدىلىنىشنىڭ پۈتكۈل ئىستېمال گۈزەللىك-

# ئەجدادلاردىكى باش كىيىم سەرخىللىقى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

نى ئۆزىگە ئوبيېكت قىلىدۇ. كىيىم - كېچەك بۇيۇملىرى گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ ھەم كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك غايىسى، ئېستېتىك خاھىشى ۋە زوقىنى ئىپادىلەيدۇ. كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ھەر خىل رەڭ، شەكىل - نۇسخىلار ۋە ھەر خىل گارمونىك، رەڭدارلىق، فىگۇرىلىق ئالامەتلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بىر دەۋرلىك روھىي ھېسسىياتىنى ۋە ئېستېتىك قىزىقىشىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مەڭگۈ زوقلاندۇرغۇچ ئېستېتىك قىممىتى بولىدۇ. ئۇ يەنە تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك ۋە تارىخىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ.

تارىختىن بۇيان كىشىلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتى پەقەت ۋارىسچانلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان ھەر خىل شەكىل نۇسخىلار بىلەن ئىسلاھ قىلىنىپ، يېڭىلىنىپ، دەۋرگە ماسلىشىپ داۋاملىق يېڭى شەكىل - نۇسخىلار كەشىپ قىلىنىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى چەت ئەل مۇئەللىپلىرىنىڭ ياكى ئۆتكەن زامانلاردىكى ئۆز تارىخچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنلا تەلتۆكۈس يورۇتۇپ كەتكىلى بولمايدۇ، يەنە كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك، ئانتروپولوگىيىلىك ئوبيېكتلار ئۈستىدىكى تەكرار تەتقىقات نەتىجىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىكى قىياتاش سىزمىلىرىدا، ئېپتىدائىي قەبرە - يادىكارلىقلىرىدا، ھەيكەل - قونچاق، بالباللاردا ۋە



مڭگۈي تام رەسىملىرىدە ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى كىيىم - كېچەك شەكىللىرى ئەنە شۇ ئەجدادلىرىمىز ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە قالدۇرۇپ كەتكەن بىردىنبىر نەق ماددىي يادىكارلىق نەمۇنىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دىيارىمىز ئاھالىلىرىنىڭ كونا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرلىرىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى تاش، سۆڭەك قوراللاردەك نەچچە ئون مىڭ يىللاپ ساقلىنىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، دىيارىمىز ئاھالىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي كىيىم - كېچەككە دائىر ئوبرازلىق تەسۋىرىي سەنئەت تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. چۈنكى، دىيارىمىزدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۈركۈملىرى ئۆز پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىنى ۋە كىيىم - كېچەك شەكىللىرىدىن تاكى يېزىق ئىختىرا قىلىنغىچە بولغان تولىمۇ ئۇزاق ۋارۋارلىق دەۋرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىپتىدائىي ئېتىقادى ۋە تەسۋىرىي سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن تاش قورال دەۋرى، بورىنزا قوراللىرى دەۋرلىرىدىكى يادىكارلىقلىرىغا ئەينەن سىزىپ قالدۇرغان. يېزىق تارىخىدىن تولىمۇ ئۇزاق بۇ تارىخ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئىپادىلىگەن دائىرىسى جەھەتتىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا مۇناسىپ خىلمۇخىل بولغان. ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئۈچۈن تېخى سىرلىق ياكى يېرىم سىرلىق كۆرۈنگەن بۇ ئىزنا - يادىكارلىقلار ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەجدادلار تارىخىنىڭ، جۈملىدىن ئىپتىدائىي كىيىم - كېچەك تارىخىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىنفورماتسىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

## كىيىم - كېچەك ماتېرىياللىرى

خۇددى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشىغان خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ تاكى تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ ئىسلامىيەتكىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللىق ھايات مۇساپىسىدە دەۋر تەرەققىياتى ھەم ئېتىقاد ئالماشتۇرۇشقا ئەگىشىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلغان، يېڭىلىغان، ئەسلىدىكى كىيىم نۇسخىلىرى ئاساسىدا تۈرلۈك يېڭى كىيىم پاسونلىرىنى ئىجاد قىلغان.

تارىخ، ئارخېئولوگىيە مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىنسان تۈركۈملىرى 15 - 20 مىڭ يىللاردىن 2 مىليون يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا پادىلىق، ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق توپ - پادا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، قوۋزىقى ۋە ئوت - چۆپلەرنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، قۇراشتۇرۇپ بەدىنىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىپتىدائىي باسقۇچتىكى تەبىئەتتىن توپلاپ يىغىش ۋە ئوۋچىلىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن غەنىيمەتلەرنى كىيىم - كېچەك ئىشلەشنىڭ خام ماتېرىيالى قىلغان.

دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي ھايات ئۇزاق داۋام ئەتكەن تەبىئىي غار - ئۆڭكۈرلەردىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە رەڭلىك رەسىملەر بىلەن قىياتاش رەسىملىرىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەملەر ئوبرازىغا قارىغاندا، دىيارىمىزدا تىرىكچىلىك قىلغان ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرى ئەڭ دەسلەپ ھايۋان تېرىلىرىنى شۇ پېتىلا يېپىنچاقلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھايۋان تېرىلىرىنى كېسىپ ئۇلاپ، ناھايىتى قوپال چاپان - ئىشتان ھالىتىگە كەلتۈرۈپ كىيىۋېلىشقان. ئۇقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى، بەزى ھايۋانلارنىڭ قولغا ئۆگىتىلىشى، ئەجدادلار ئەقىل - پاراستىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىغا ئەگىشىپ تېرە مەھسۇلاتلىرىمۇ كۆپەيگەن، سۆڭەك يىڭنىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تېرىلەرنى ئۆلچەپ پىچىپ، ئۆز بەدەنلىرىگە لايىقلاشتۇرۇپ رەسمىي كىيىم ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تىكىپ كىيىش بارلىققا كەلگەن. ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەپ، تېرىسىدىن قوپال كىيىملەر تىكىپ كىيىش قىياتاش رەسىملىرىدىكى تېرە كىيىملىك ئوبرازلاردا ئىسپاتلىنىپلا قالماي، بەلكى قومۇلدىكى قىزىلچوققا قەدىمكى قەبرىستانلىقى، قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، شەھەر قەدىمكى قەبرىستانلىقى ئەسكى ھەم كۆنچى دەريا ساھىللىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان تېرە جۇۋا، تېرە تامبال، تېرە غىلاپ، تېرە بېغىشلىق (بېغىش ئاسرىغۇچ)، تېرە يوتقان، تېرە چۇمبەل، تېرە قالپاق، تېرە تۇماق، تېرە قولاقچا، تېرە بۆك، تېرە پوسما قاتارلىقلار ئەنە شۇ تېرە كىيىملەر دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

كروران گۈزىلى كىيىپ ياتقان يۇڭ توقۇلما كىيىملەرگە قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز كەم دېگەندىمۇ نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا يۇڭ توقۇلما كىيىملەرنى كىيىشكە باشلىغانلىقى ئىسپاتلاندى (بۇنداق يۇڭ توقۇلما كىيىملەر كروران گۈزىلىنىڭ كىيىمى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش دەۋرگە خاس قومۇلدىكى قارادۆۋە قەبرىستانلىقى، قىزىلچوققا قەبرىستانلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قى، يانبۇلاق قەبرىستانلىقى، كۆنچى دەريا ساھىلىدىكى بىر قانچە جايدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىمۇ كۆپلەپ تېپىلدى). ئۇنىڭدىن كېيىن كەندىر تالالىرىدىن، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ پاختىدىن ۋە يىپەكتىن توقۇلغان كىيىملەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھەر خىل گۈل ـ نەقىشلىك نەپىس كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ خام ماتېرىيالى بولغان پاختا مەھسۇلاتلىرى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ دىيارىمىزدا تېرىپ ئۆستۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى. بۇ ھەقتە داڭلىق ئارخېئولوگ، تەتقىقاتچى لى يۈيجۈن ئەپەندى: «نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىملەر بار رەڭلىك پاختا رەخت ئېلىمىزدە تېپىلغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىملەر بار توقۇلمىلار ئىچىدە ھازىرغىچە ئەڭ بۇرۇنقى ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، شىنجاڭدا شۇ چاغدا كېۋەز تېرىلغانلىقىنى ۋە پاختىدىن يىپ ئىگىرىپ رەخت توقۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ، مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن تېرىلغان كېۋەز ئەۋرىشكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»①، دەپ يازغانىدەك، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپلا ئەجدادلىرىمىز پاختا تېرىپ ئۆستۈرگەن ھەم ئۇنىڭغا تۈرلۈك گۈل ـ نەقىشلەر چىقىرىپ ئېسىل، سىپتا كىيىم ـ كېچەكلەرنى توقۇپ كىيىشكە ئادەتلەنگەن.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئەڭ قەدىمكى شەھەرلىرىمىز بولغان كۇسەن (كۇچا)، قۇم (ئاقسۇ)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، كروران (چەرچەن)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئىشىرغول (قۇمۇل) قاتارلىق جايلاردىن ۋە قەدىمكى پايتەخت ـ ئاستانىلەر خارابىلىرى بىلەن قەدىمكى قەبرە ـ يادىكارلىقلاردىن يۇقىرىقىدەك تېرە، يۇڭ، توقۇلمىلارنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تاۋار ـ دۇردۇن، بۆز، كىمخاب، دۇخاۋا، دارايى، مەخمەل، مەشۇت قاتارلىق نەچچە خىل رەختلەردىن ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەك ئەۋرىشكىلىرىنى تېپىپلا قالماي، بەلكى بۇنداق ئېسىل رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، ئېلىپ ـ سېتىشقا دائىر خەت ـ چەك ھەم ھۆججەت ـ پۈتۈكلەرنىمۇ تاپتى②. يەنە توقۇمىچىلىق ئۇستىخانىلىرى خارابىلىرى، توقۇمىچىلىق ئەسۋابلىرى، يىپ ئىگىرىدىغان چاقلار، ئورچۇقلار، گىلەم، كىگىز ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، ھەر خىل رەڭلىك يىپلارمۇ تېپىلدى③. بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدىكى كىيىم ـ كېچەك ماتېرىياللىرى، پاسونلىرى، شەكىل ـ نۇسخىلىرى، تىكىش ئۇسۇللىرى، گۈل ـ نەقىش ئەنئەنىلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى نەق ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز تۇماق، قالپاق، قۇلاقچا، بۆك، پوسما، شىلەپە، دوپپا، رومال، ياغلىق، شارپا قاتارلىق باش كىيىملەرنى كىيىپ (ئارتىپ) كەلگەن.

**1) تۇماق**

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرى ھەم يېڭى تاش قوراللار دەۋرلىرىدە ئادەملەر يالىڭاچ تۇرمۇش ھالىتىدىن ئەڭ دەسلەپكى «كىيىم» (ئۇ تېخى «كىيىم» مەنىسىدىكى كىيىم ئەمەس ئىدى) كىيىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئىختىرا قىلغان. قىياتاشلاردىكى ئەڭ كونا سىزمىلارغا قارىغاندا، ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ھايۋاندىن دوراپ باشلىرىغا ھايۋان تېرىسىنى ئارتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى تالدىن تۆت ـ بەش تالغىچە مۈڭگۈز (ئۆكە) تاقاپ نىقابلىنىپ، يالىڭاچ قىياپەتتە پائالىيەت قىلغان. چۈنكى، ئۇ چاغلاردىكى ئادەملەرنىڭ بۇنداق ئۇزۇن ھەم غەلىتە مۈڭگۈزلەرنى تاقىۋېلىشى ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى ئۆتكۈر، سىرلىق، قۇدرەتلىك ھەم جەڭگىۋار كۆرۈنگەن يىرتقۇچ ھايۋانلار مۈڭگۈزىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشتىن كېلىپ چىققان، يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى زۆرۈرىيەت ئالەمدە ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىدا جان ساقلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدا مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلار ئۇلارنىڭ كۈچلۈك رەقىبى ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئۆتكۈر مۈڭگۈزىگە تايىنىپ كىشىلەرگە زۇلۇم سالاتتى، بوزەك ئېتەتتى. بۇ ھال تەدرىجىي ھالدا ئىنسانلارغا ناھايىتى ئۆتكۈر، سىرلىق، قۇدرەتلىك ھەم جەڭگىۋار كۆرۈنگەن ھايۋان مۈڭگۈزىگە چوقۇنۇشنى (مۇقەددەسلەشتۈرۈشنى) كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئىنسانلار ئوۋچىلىق پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، باشلىرىغا ئورۇۋالغان ھايۋان تېرىسى ئۈستىگە ئۇزۇن ۋە خىلمۇخىل كۆرۈنۈشتىكى غەلىتە مۈڭگۈزلەرنى قاداپ (مۈڭگۈز

قادىۋالغاچقا ئۆزىنىمۇ ئۇنداق سىرلىق، قۇدرەتلىك، جەڭگىۋار ھېس قىلىپ) ئۇۋۇغا كىرىشنى ئادەت قىلغان. مانا بۇ ئەجدادلارنىڭ تۇنجى «باش كىيىمى» ـ ھايۋان تېرىسىنى ئېلىپ تىكىپ، مۈڭگۈز (ئۈكە) قاداپ بېشىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەڭ دەسلەپكى تۇمىقى بولۇپ خىزمەت قىلغانىدى.

كېيىنچە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، بىرونزا قوراللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئەجدادلار ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تېرە تۇماقلار خېلى سىپتا، يارىشىملىق شىلىنىدىغان بولدى. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يۇڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئىگىلىنىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ چاغدىكى تۇماقلار يۇك توقۇلمىلاردىن رەڭدار ئىشلىنىپلا قالماي، بەلكى تۇماقلارغا ھەر خىل گۈل ـ نۇسخىلار نەقىشلىنىدىغان، گىرۋەك چىقىرىلىدىغان، ئىچىگە ئەستەر تۇتۇلىدىغان بولدى ۋە تۇماقلارنىڭ شەكىل ـ نۇسخىلىرىمۇ كۆپىيىپ باردى، ھەتتا كىگىز ـ تەگلىماتلاردىنمۇ سىپتا ھەم يارىشىملىق تۇماقلار ئىشلىنىدىغان بولدى.

مەسىلەن، دۇنياغا مەشھۇر كروران گۈزىلى جەستىگە كىيگۈزۈلگەن ئۇچلۇق كىگىز تۇماقنىڭ شەكلىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئالدى ئاي شەكلىدە يۇملاق چىقىرىلىپ، ئەتراپىغا جىيەك ـ زىغىرىقچىلار تۇتۇلغان ۋە پەي قادالغان، پېشانە ئۇدۇلىغا گۈل ـ نۇسخىلار نەقىشلەنگەن، كەينىگە باغ بېكىتىلىپ تۇماقنى كىچىكلەتكىلى ھەم چوڭايتقىلى بولىدىغان قىلىنغان.

لوپنۇر ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئۇچلۇق تۇماقلارمۇ ئۇستى ھەم ئاستى ئەتراپىغا جىيەك تۇتۇلۇپ، كەينىگە باغ بېكىتىلگەن بولسا، ھەتتا زاغۇنلۇق قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان تۇماقلارغا تور قاپلانغان. بۇ ئالاھىدە تۇماقنىڭ تىكىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، ئالدى بىلەن ھەر خىل قوي يۇڭلىرىنى 20 سانتىمېتىر توملۇقتا دۈگىلەك شەكىلگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى سىرتىدىن يۇڭ شوينا بىلەن چىڭ ئوراپ قاسقان شەكلىگە كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ سىرتىنى قوڭۇر رەڭلىك ئىنچىكە يۇڭ يىپتىن يول چىقىرىپ سىپتا توقۇلغان تور بىلەن قاپلىغان. بۇ ئالاھىدە تۇماقنىڭ ئېگىزلىكى ئاتتە سانتىمېتىر، ئايلانمىسى 84 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۇستىگە قۇش پېيى قادالغان④.

يۇقىرىقىدەك تېرە ۋە يۇڭ توقۇلمىلاردىن ئىشلەنگەن ھەر خىل شەكىلدىكى تۇماقلار دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىپتىدائىي قەبرە يادىكارلىقلىرىدىن، بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىدىكى لوپنۇر(كۆنچى، تىمەن دەريا ۋادىلىرى)، چەرچەن، نىيە، خوتەن، كېرىيە دائىرىسىدىكى دەريا ۋادىلىرى، قومۇلدىكى قارادۆۋە، يانبۇلاق، قىزىل چوقىقا قەدىمكى قەبرىستانلىقلىرى، پىچان ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى قەبرىستانلىقى، تۇرپاندىكى قارا غوجا قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىپلا قالماي، بەلكى قىزىل، قۇمتۇرا قاتارلىق مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەسىلەن، قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 17 ـ ھۇجرىسىنىڭ سول تەرەپ تېمىغا سىزىلغان «سودىگەرلەرنىڭ ئەجدىھادىن قۇتۇلۇشى» ناملىق يارالمىش ھېكايىسىدە تەسۋىرلەنگەن سودىگەر سىياقىدىكى تۆت ئادەم كىيىۋالغان تۇماقلار ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر تۇماقلىرىغا ئوپمۇئوخشاش كۆرۈنىدۇ. يەنە شۇ ھۇجرىدىكى «ۋاپاسىز سودىگەرلەرنىڭ تاشپاقىنى ئۆلتۈرۈشى» ناملىق ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن تاشپاقىنى مىنىپ ماڭغان ئۈچ سودىگەر كىيىۋالغان تۇماقمۇ ھازىرقى ئۇيغۇرلار كىيىدىغان تۇماققا ئەينەن ئوخشايدۇ. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر تۇماقلىرى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى، شەكلى ـ نۇسخىلىرى تېخىمۇ رەڭدارلاشتى، تۈرى كۆپەيدى. مەسىلەن، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ۋە تۇرمۇش پۇرىقى خېلى ئەينەن ساقلىنىپ كەلگەن قەشقەر دىيارىنى مىسال ئالساق، قەشقەر تۇماقلىرى قوي، چىپار، توشقان، سۇغۇر، يىلپىز، تۈلكە، بۆرە، قۇندۇز قاتارلىق ھايۋاناتلارنىڭ تېرىلىرىدىن تىكىلىدۇ. تۇماق تىكىش ئۈچۈن قېلىپ، بەلچە، ئۆلچىگۈچ، قايچا، ئەندىزە، يىپ ـ يىڭنە، موينكەش (ئاراسمان ئەسۋاب)، ساۋاق، ئويماق، چۆپگەز، تارغاق، پوزا، چوتكا، بىلەي، پىچاق قاتارلىق ئەسۋاب ۋە ھەر خىل بوياقلار ئىشلىتىلىدۇ. تۇماق تۈرلىرىنى ئاق تۇماق، ئاتۇش تۇمىقى، سەرپۇچ تۇماق، ئۆرە تۇماق (سوغا تۇماق)، دۇمچە تۇماق (ئۇستى ئاق تېرە، لېۋىدىكى قارا كۆرپە تۇماق)، كەمچەت تۇماق قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاق تۇماق كۆپرەك كىيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ تۇماقنى ياش يىگىتلەر ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر كىيىدۇ. ئاق تۇماقنىڭ شەكلى ئاساسەن دوپپىغا قارىغاندا ئېگىز ۋە كەڭرەك بولىدۇ. ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 ـ 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، تۆپىلىكى تۆت قىرلىق بولۇپ بۇرجەكلىرى توم بولىدۇ. بۇ تۇماقنىڭ تۆپىلىكى ۋە كېزىكى ئايرىم بولۇپ، تىككەندە قوشۇپ تىكىلىدۇ. تۇماقنىڭ گىرۋىكىگە بىر قاتار قارا تۆكلۈك جىيەك تۇتۇلىدۇ. بۇ تۇماق قوي تېرىسىنىڭ ئوڭ تەرىپى تاش قىلىپ تىكىلىدۇ. ياخشى ئەيلىنىپ تېرىدىن تىكىلگەن ئاق تۇماقنىڭ رەڭگى ئاقۇش رەڭ، يەنى قايماق رەڭ بولىدۇ. بۇنداق تۇماقنىڭ بىر قەۋەت ئايرىم تاشلىقى بولمايدۇ. بۇ تۇماق قەشقەر رايونىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان. بولۇپمۇ يېڭىسار، پەيزاۋات، يوپۇرغا، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەر كۆپرەك كىيىدۇ، ئاشلانغان ئاياللار تۇمىقىدىن كەمچەت تۇماق ئەڭ ئېسىل ھەم رەڭدار كېلىدۇ.

بۇ تۇماقنىڭ ئېگىزلىكى ئاتۇش تۇمىقىغا قارىغاندا خېلى پەسرەك بولۇپ، كېزىكى خېلىلا توم بولىدۇ، گىرۋىكىگە سۇغۇر، قۇندۇز، چىپار، بۆرە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن جىيەك تۇتۇلىدۇ، بۇ تۇماقنىڭ تېشىمۇ يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش قارا ۋە جىگەررەڭ مەخمەل، دۇخاۋا قاتارلىقلاردىن تاشلىنىدۇ، جىيەككە تۇتۇلغان تېرىلەر ناھايىتى سۇپەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، دائىم پارقىراپ تۇرىدۇ. بۇنى ئاياللار كىيىدۇ، ھازىرمۇ مۇنداق تۇماقنى كىيىدىغان ئاياللار كۆپ، ئايال ئارتىسلار سەھنىدە كىيىدىغان تۇماقمۇ ئاساسەن مۇشۇ تۇماقتىن ئىبارەت⑤.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە قارا تۇماق، پەيزاۋات تۇمىقى (ئاق تۇماقنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى)، سالۋار تۇماق، داۋغان تۇماق (سۇغۇر تېرىسىنى بوياپ تىكىلىدىغان ئاياللچە تۇماق)، قاما تۇماق (ئاياللچە)، باشكىنە تۇماق (باللارنىڭ)، سالپاڭ تۇماق (باللارنىڭ)، مەخسۇمچە تۇماق، قازاقچە تۇماق، تاجىكچە تۇماق، تەلپەك (خوتەننىڭ ئاياللچە كىچىك تۇمىقى) قاتارلىق تۇماق تۈرلىرى بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاستا ـ ئاستا ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ

2) قالپاق

دىيارىمىزدىكى قىياتاش رەسىملىرىگە قارىغاندا، ئەڭ دەسلەپكى قالپاقلار ھايۋان تېرىسىنى كېسىپ، پىچىپ ناھايىتى قوپال تىكىپ كىيىلگەن بولسا، كېيىنچە خېلى سىپتا ۋە ئىسكەتلىك قالپاقلار بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ يۇڭ توقۇلما تېخنىكىسى ئىگىلەنگەندىن كېيىن، توقۇلۇشى سىپتا، رەڭدار، شەكىل ـ پاسونى ئۆزگىچە قالپاقلارنى تىكىپ كىيىشكەن ھەمدە ئېگىز ئۇچلۇق قالپاقلار، قوش بۈيۈملۈق قالپاقلار، مۇڭگۈز شەكىللىك قالپاقلار، مۇنار شەكىللىك ئېگىز قالپاقلار بارلىققا كەلگەن، مۇنداق ئېگىز ئۇچلۇق قالپاقلار قىيا تاش رەسىملىرىدە كۆپ ئۇچرىتىلغاندىن تاشقىرى 4000 ـ 3000 يىللىق ئىپتىدائىي قەبرىلەردىكى جەسەتلەر ئۈچىسىدىنمۇ كۆپلەپ تېپىلدى.

مەسىلەن، زاغۇنلۇقتىكى M3 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان قوش بۈيۈنلۈق ئېگىز قالپاقنى مىسالغا ئالساق، تەبىئىي قارا (قوڭۇر) رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن بولۇپ، ئاستى كەڭ، ئۈستى تار ھەم ئۇچلۇق، خۇددى قۇشنىڭ بويۇن ۋە بېشىغا ئوخشايدۇ. قالپاقنىڭ ئېگىزلىكى 35 سانتىمېتىر، باشقا كىيىلىدىغان ئاغزىنىڭ كەڭلىكى 24 سانتىمېتىر، ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ ئايلانمىسى 52 سانتىمېتىر، ئۈستى تۇمشۇق كەسمىسى بەش سانتىمېتىر، قالپاقنىڭ قىر (چەك) گىرۋەكلىرى تەبىئىي ئاق يۇڭدىن ئىشلىگەن يىپ بىلەن 74 يەردىن پەرلەنگەن. ئۇنىڭ گىرۋەكلىرى ئارقىسىغا قايرىلغان. ئارقا تەرەپىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇلانغان چېكىنى بويلاپ ھەر قاتىرى 14 تالدىن ئىككى قاتار موي (قىلغا ئوخشايدىغان بىر خىل تەبىئىي قارا رەڭلىك موي) باستۇرۇپ تىكىلگەن.

دۇنياغا مەشھۇر كروران گۈزىلى جەسىتىگە كىيگۈزۈلگەن پەي قىستۇرۇلغان ئۇچلۇق ئېگىز قالپاقمۇ كىگىزدىن تىكىلگەن بولۇپ ئۇچى ئەستەرلەنگەن، چۆرىسىگە جىيەك تۇتۇلغان، قالپاق كەينىگە باغ بېكىتىلگەن. بۇنداق ئۇچلۇق ئېگىز قالپاقلار پىچان ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئۈچ جەسەتنىڭ بېشىغىمۇ كىيگۈزۈلگەن. بۇ قالپاقلارنىڭ چۆرىسى شىلەپىگە، ئۈستى مۇنارغا ئوخشاش بولۇپ، ئاستى قۇلاقنى يېپىپ تۇرىدۇ⑥. يەنە 1983 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدىكى كۈنەس ناھىيىسى بىلەن توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان برونزىدىن ياسالغان بىر جۈپ ھەيكەلمۇ ئەنە شۇنداق ئېگىز ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن قىياپەتتە

تەسۋىرلەنگەن⑦.

1972 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى دەۋرگە خاس قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان لايدىن ياسالغان تۆگچى ھەيكەلى (ھەيكەلگە ئاق، قىزىل، قارا رەڭلەر بېرىلگەن) مۇ بېشىغا ئۇچى كەينىگە قايرىلغان ئېگىز كىگىز قالپاق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون، ئۆتۈك كىيگەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

3) قولاقچا

قولاقچا ـ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن تېرە كىيىملەرنىڭ تېپىك نامايەندىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قولاقچىسىغا دائىر مەلۇماتلار قىياتاشلاردىكى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ھاياتى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردە تولىمۇ ئىپتىدائىي شەكىلدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەجدادلار بىر قىسىم ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، قولغا ئۆگەندىن كېيىن ئۇنىڭ گۆشىنى يەپ، تېرە يۇڭلىرىدىن كىيىم قىلىپ كىيىشنى بىلگەن، دەسلەپتە تېرە ـ قولاقچىلار كىيىشكەن بولسا، يۇڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن يۇڭ توقۇلما ۋە كىگىزلەردىن سۇپەتلىك قولاقچىلارنى ئىشلەپ كىيگەن، بۇنداق قولاقچىلار دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي قەبرە يادىكارلىقلاردىنمۇ كۆپلەپ تېپىلىپ، دىيارىمىزدا يۇڭ توقۇلما ۋە كىگىزلەردىن نەپىس، رەڭدار ئىشلەنگەن قولاقچىلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە كىيىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

مەسىلەن، كرورانا گۈزىلى كىيىپ ياتقان كىيىملەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش دەۋرگە خاس چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن (4M ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن) مۈڭگۈز شەكلى ئورنىتىلغان بىر قولاقچا تېپىلغان. ئۇ ئۆلچەپ كېسىلگەن ئىككى پارچە ئاق كىگىزدىن تىكىلگەن، قولاقچىنىڭ ئۈستى (ئالدى) تەرىپىگە كىگىز پارچىسىدىن ھايۋان مۈڭگۈزىگە ئوخشىتىپ تىكىلگەن «مۈڭگۈزى» ئورنىتىلغان. ئۇزۇنلۇقى 24 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىر (قولاقچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر)، ئاغزىنىڭ كەسمىسى 25 سانتىمېتىر بولۇپ، ئىككى قولاق ئۇچىغا يۇڭ شوينا بېكىتىلگەن⑪.

يۇقىرىقىدەك كىگىز، يۇڭ توقۇلما ۋە مىلادىيىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلىپ ئېسىل پاختا رەخت بىلەن تاشلانغان ھەر خىل سىپتا قولاقچا كۆرۈنۈشلىرى خوتەندىن تېپىلغان ھەيكەللەر بېشىدا، تۇرپاندىن تېپىلغان ھەيكەللەر بېشىدا، قىزىل، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىدىكى سودىگەر، ساخاۋەتچى، دېھقان سىياقىدىكى كىشىلەر بېشىدا كۆزگە چېلىقىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىدىن قالغان بۇ كىيىم ئەنئەنىسىنى ھازىرمۇ كىيىدۇ.

4) بۆك

ئەجدادلارنىڭ باش كىيىمى بۆككە ئائىت يادىكارلىقلار ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق دەۋرىگە خاس قىياتاش رەسىملىرىدە، قەدىمكى قەبرە يادىكارلىقلىرىدا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ھەيكەل قونچاقلاردا، ئاخىرىدا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

1999 ـ يىلى قومۇلدىكى ئەسكى شەھەر قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش يۈرگۈزۈلگەندە، بۇ قەبرىلەردىنمۇ ھەرخىل بۆكلەر تېپىلغان. مەسىلەن، چەكمەن بۆك: ئىككى دانە، ئۇلار تۈز يوللۇق توقۇلمىلىق قېنىق قوڭۇر چەكمەندىن تىكىلگەن، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە، ئارقاق، ئۆرۈش يىپلىرى ئارىسىغا ئىككى ئەشمىلىك يىپ قوشۇلغان، زىچلىقى سانتىمېتىر/ تال M5:1.21×8 نومۇرلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 26 سانتىمېتىر.

بۆك: ئالتە دانە، ئۇلارنىڭ توقۇپ چىقىرىلغانلىرىمۇ، تۈز يوللۇق چەكمەندىن تىكىلگەنلىرىمۇ بار.

توقۇلغان بۆك: تۆت دانە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سايۋەنسىز تىك بۆك ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئايلاندۇرۇپ توقۇش ئۇسۇلىدا توقۇپ چىقىلغان، ئەمما، كونكرېت قۇرۇلمىسى ئوخشاش ئەمەس. M5:2 نومۇرلۇقى تاق تۇگۈنگە ئېلىپ توقۇش ئۇسۇلىدا توقۇلغان. بۆك چوققىسىدىن باشلاپ توقۇلغان بولۇپ، بۆكنىڭ سەل كىچىكرەك بولغان ئۇستۈنكى قىسمىنى توقۇغاندا سەل ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىدىغان، ئەمما تۇگۈنگە ئېلىپ توقۇش يۆنىلىشىدە سەل پەرق بولغان تۆت كاسا شەكىللەنگەن. بۆكنىڭ ئاستىنقى قىسمى سەل چوڭايتىلغان بولۇپ، تۇگۈنگە ئېلىپ توقۇش يۆنىلىشى بىردەك بولغان. بۆك قارا رەڭلىك بولۇپ، ئېگىزلىكى 27 سانتىمېتىرچە، قالدۇق ئاغزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىلىڭ ئايلانمىسى 80 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. توقۇشقا ئىشلىتىلگەن يۇڭ يىپ ئىككى تال Z ئېشىشلىك يىپى S شەكلىدە ئېشىش ئارقىلىق تەييارلانغان. يىپنىڭ توملۇقى بىر مىللىمېتىر كېلىدۇ. M:53 نومۇرلۇقى ئالدى بىلەن تاق تۈگۈنگە ئېلىپ توقۇش ئۇسۇلىدا بۆكنىڭ يۇمىلاق چوققىسى توقۇلغان (دىئامېتىرى بەش سانتىمېتىرچە كېلىدۇ)، ئاندىن كېيىن هازىرقى زامانچە ئىلمە توقۇمىچىلىق ئۇسۇلىدا بۆكنىڭ قالغان قىسمى توقۇپ چىقىلغان. بۆكنىڭ چوققىسىدىن ئاغزىغىچە بولغان ئارىلىق چوڭايتىلمىغان بولسىمۇ، بىراق توقۇلما بۇيۇم يەنىلا خېلى ئوبدان ئېلاستىكىلىققا ئىگە بولغان. بۇ بۆك قېنىق قوڭۇر رەڭدە بولۇپ ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىرچە، ئاغزىنىڭ قالدۇق ئايلانمىسى 52 سانتىمېتىر كېلىدۇ. 1 ـ 2: C بۆكنىڭ تېگى يالاڭ تۈگۈنلەرنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈش ئۇسۇلىدا توقۇلغان، تۈگۈنلەر بىر قەدەر بوش قويۇۋېتىلگەن بولغاچقا، توغرىسىغا تۈگۈن چىقىرىلمىغان يىپلار قوشۇلغان، ئۇ يىپلار ئاز، شالاڭ بولۇپ، توقۇلمىنىڭ تېگىنى يېپىۋالغۇدەك دەرىجىدە بولغاچقا، توقۇلمىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئالاھىدە ياخشىلىنىپ، ھەم قېلىن، ھەم يۇمشاق بولغان، ئىسسىقلىق ساقلاش ئۈنۈمىمۇ ئاشقان. كېيىشكە ئەپلىك بولۇش ئۈچۈن، بۆكنىڭ چوققىسىدىن ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈگۈنلەرنى كۆپەيتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېنى ئۆزگەرتىلگەن. بۆكنىڭ رەڭگى قىزغۇچ توپا رەڭدە بولۇپ، قالدۇقنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ قالدۇق ئايلانمىسى 70 سانتىمېتىر. ئۇنىڭغا Z ئەشمىلىك يىپ ئىشلىتىلگەن، يىپنىڭ توملۇقى 1.5 ـ 1 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

يۇمشاق كىگىز بۆك: بىر دانە، نومۇرى 15: C توق قوڭۇر رەڭ، يۇمشاق كىگىزنى كېسىپ تىككەن. بۇ بۆكنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئىككى پارچىسىنىڭ قالدۇقىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۆكنىڭ قۇلىقىدەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىر پارچىسىغا بېزەك ئورنىدا چاچ ئۆرۈمى تىكىپ قويۇلغان. قالدۇق پارچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ⑫.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشايدىغان ھەر خىل بۆكلەر چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى بىرىنچى نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىنمۇ تېپىلغان. بۇ قەبرىلەردىن 43 دانە بۆك قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ.

مەسىلەن، ئېگىز بۆك. گەۋدىسى ئېگىز بولۇپ، كۆپىنچىسى كىگىزدە ئىشلەنگەن. بەزىلىرىنىڭ سىرتقى يۈزىگە توقۇلغان تور قاپلانغان.

M14:56 نومۇرلۇق مالىخاي، ياخشى ساقلانغان، چوققىسى تار، ئاغزى كەڭ بولۇپ، كونۇس شەكىللىك. ئۇ توق قوڭۇر رەڭلىك كىگىزدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئېگىزلىكى 24cm، چوققىسىنىڭ كەڭلىكى 12.5cm، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 14.8cm.

48: m4m نومۇرلۇق بۆك، ئازراق كەمتۈك، تۈز كاناي شەكىللىك، ياي چوققىلىق بولۇپ، سىرتقى يۈزى يۇڭلۇق تېرىدىن قىلىنغان، ئىچىگە توقۇلغان تور قاپلاقلىق. m 140:68 نومۇرلۇق بۆك كەمتۈك، زىچ پەي قادالغان گەۋدىسى ئېگىز، شەكلى كانايسىمانغا يېقىن، چوققىسى يوغان، ئاغزى كىچىك بولۇپ، ئۈستىگە قادالغان پەيلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يۇڭ رەخت بۆك، سەككىز دانە، تۈز يوللۇق يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن، شەكىللىرى ئوخشاش.

10: M65 نومۇرلۇق بۆك. شەكلى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلگە ئوخشاپراق كېتىدۇ، ئالدى يۈزى ۋە ئاستى قىسمىدىن تۈز ئېغىز ئېچىلغان، تېگىدىكى ئىككى بۇرجىكىدە يۇڭ شوينىدىن قىلىنغان بوغقۇچى بار. بۆكنىڭ چوققىسى ۋە ئارقا يۈزى ياي شەكىللىك، ئېگىزلىكى 29cm، تەكتىنىڭ كەڭلىكى 17cm.

يۇمشاق مالىخاي. كىگىزنى كېسىپ تىككەن.

M14K:73 نومۇرلۇق مالىخاي كەمتۈك، كېسىۋېلىنغان ئىككى پارچە كىگىزنى ئۇزۇنىسىغا بىرلەشتۈرۈپ تىككەن، پۈتكەن، كىگىزى ئوڭ ـ سول ئىككى قاتقا ئايرىلغان، قۇلىقى ئۇزۇنراق، كىگىزى ئاق رەڭلىك بولۇپ، چوققىسى يۇمىلاق، ئالدى قىر ياي شەكىللىك.

M14J:69 نومۇرلۇق مالىخاي. ئاق كىگىزدىن تىكىلگەن، چوققىسى يۇمىلاق، ئالدى جىيىكىگە پۈرمە قات چىقىرىلغان، ئۇزۇنراق قۇلىقى بار. M94:6 نومۇرلۇق مالىخاي. كېسىلگەن ئىككى پارچە كىگىزنى توغرىسىغا بىرلەشتۈرۈپ

تىكىشتىن پۈتكەن، كىگىزى ئالدى ـ كەينى قاتقا ئايرىلغان، بۇنىڭمۇ ئۇزۇنراق قۇلىقى بار، چوققىسى تۇغرىسىغا قىرلىق بولۇپ، ئۈستىگە قايىنام نۇسخىسى سىزىلغان.

توقۇلغان بۆك. كۆپىنچىسى كەمتۈك . بۇ خىل بۆكلەرنىڭ بەزىلىرى بىۋاستە باشقا كىيگۈزۈلگەن، بەزىلىرى بۆككە قاپلانغان بولۇپ، قېنىق قوڭۇر رەڭلىك.

M 6:5 نومۇرلۇق بۆك؛ توقۇش ئۇسۇلى بۇگۈنكى كۈندىكى تۈز توقۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاش. ئۇچبۇرجەك شەكىللىك توقۇلما پارچىسىدىن تۆتنى توقۇپ چىقىپ، ئاندىن ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ تىكىشتىن پۈتكەن. ئۇچبۇرجەك بۆلەكنىڭ كەڭلىكى 22cm، ئېگىزلىكى 18cm.

M67:2 نومۇرلۇق بۆك: كەمتۈك، توقۇلۇشى بىر قەدەر بوش، توقۇلۇش ئۇسۇلى هازىرمۇ قول بىلەن ئولتۇرۇپ توقۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاش، تۈز توقۇغان جايدىن تار قىر چىقارغان، پەس تۈز جايدىن تەتۈر توقۇش ئۇسۇلىدىكىگە ئوخشاش كەڭ ئۇلاق چىقارغان ھەمدە ئۇچبۇرجەك شەكىللىك بۆك قۇلىقى توقۇپ چىقىرىلغان.

M4:8 نومۇرلۇق بۆك: كەمتۈك، تۈز توقۇپ كەڭ قىر چىقىرىپ ئاندىن پەس تۈز يەردىن تار ئۇلاق چىقارغان، بۇلار ئادەتتە يۇمىلاق شەكىللىك بۆك ھېسابلىنىدۇ.

M55:13 نومۇرلۇق بۆك: كانايچە شەكىللىك، چوققىسىغا ئىنچىكە يۇڭ يىپ بىلەن «Z» شەكلى چىقىرىلغان، توقۇلۇشى بوش، تور شەكىللىك، تۆشۈكلىرى ئۆلچەملىك ئالتە تەرەپلىك شەكىلدە ⑬.

مەسىلەن، چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن (5 ـ M نومۇرلۇق قەبرىدىن) جەسەتكە كىيگۈزۈلگەن بىر تور بۆك تېپىلغان ھەم خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ سىپتا ئىشلەنگەن ئۇچلۇق تور بۆك تومراق ئىگىرىلگەن تەبىئىي ئاق رەڭلىك يۇڭ يىپتىن توقۇپ (36 قۇر) تەييارلانغان. ئېگىزلىكى 22.5 س.م، دىئامېتىرى 18 س.م كېلىدىغان بۇ بۆكنىڭ ئۇچى تەرىپىگە ئاق رەڭلىك پەي قىستۇرۇلغان.

زاغۇنلۇقتىكى 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن يەنە بىر خىل شەكىلدىكى بۆك ـ مالىخايلارمۇ تېپىلغان.

خوتەندىكى يوتقان خارابىلىكىدىن، مارالبېشىدىكى تۇمشۇقتىن، تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن ۋە قىزىل مىڭئۆي بىلەن قارا شەھەردىكى شورچۇق مىڭئۆيدىن تېپىلغان ھەيكەللەر بېشىدىمۇ ناھايىتى چىرايلىق، يارىشىملىق بۆكلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنە مىڭئۆي رەسىملىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش دەۋرگە خاس بالباللار (تاش ئادەم ھەيكەللىرى)دىمۇ بۆك كىيىۋېلىشقان ئوبرازلار ئۇچرايدۇ.

قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلاردىن بايقىلىشىچە، دىيارىمىزدىن تېپىلغان باش كىيىملىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئەرەنچە بۆك، ئايالچە بۆك، ئوردا قاراۋۇللىرى بۆكى، پۇقرالار بۆكى ۋە بەگ ـ غوجاملار بۆكى، شاھلار بۆكى قاتارلىقلارغا ئايرىلغان. ئوردا قاراۋۇللىرى بۆكى كوزىغا ئوخشاش بولۇپ، ئالدىغا تومپىيىپ چىققان قىسمى قوشۇمىنى ئاسرايدۇ. ئەرلەر بۆكلىرىدىن كىگىز قالپاقنىڭ ئۈستى ئۇچلۇق ۋە ئەگرى بولىدۇ. ئاياللارنىڭ بۆكى ھېجىر قاچا شەكلىدە بولۇپ، ھازىرقى دوپپىلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇزۇن رومال ئارتىدىغانلارمۇ بار بولۇپ، ھازىرقىغا ئوخشاش ئېڭەكتىن چىگىۋالاتتى. بەزى ئەرلەر ئۇزۇن رەختلەرنى بېشىغا ھەر خىل شەكىللەردە ئوراۋالاتتى. پادىشاھلار بېشىغا ئۈستى ئۇچلۇق، ئاستى يۇمىلاق شەكىلدىكى تاج كىيگەن. مەسىلەن، ئۇدۇن خانى، قۇچۇ ئۇيغۇر خانى تاجىسى قاتارلىقلار. بىراق ئۇدۇن خانىنىڭ تاجىسى پەسرەك، قۇچۇ خانىنىڭ ئېگىزرەك ئىدى. قەدىمكى باش كىيىملىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «بۆرك» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ھازىرقى خەلق ئىچىگە «بۆك» سۆزى بىلەن يېتىپ كەلگەن⑭. ئەمما، بۇ خىل ئاتىلىشنىڭ داۋاملىشىشى بىلەن باش كىيىم شەكلىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئوخشاش بولمىغان. قەدىمكى قېزىلمىلاردىن، ئەينى چاغدىكى باش كىيىملىرىگە گۈل ئىشلىنىدىغانلىقىنى، ھېچبولمىغاندا گېئومېتىرىك سىزىقلار ئىشلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

5) دوپپا

ھازىرغىچە دىيارىمىزدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ دەسلەپكى

ئىپتىدائىي دوپپا شەكلى خوتەندىكى يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان مىلادىنىڭ ئالدى. كەينىگە خاس رەڭدار ھەيكەللەر بېشىدا كۆزگە چېلىقىدۇ، مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ۋە تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىسىدىن تېپىلغان ھەيكەل. قونچاقلار باشلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سۇي (551 ـ 618)، تاڭ (618 ـ 907) سۇلالىرىدىن باشلاپ يېزىلغان خەنزۇچە تارىخنامىلەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپا كىيىدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان ۋە كۇچا، قەشقەر، تۇرپاندىن چاڭئەن، لويائڭلارغا بارغان سەنئەتكارلارنىڭ قالپاق ھەم چىمەن دوپپىلار كىيىشىدىغانلىقى تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئېلىنغان⑮.

قىزىل مىڭئۆينىڭ 17 ـ ھۇجرىدىكى تامغا سىزىلغان «ساخاۋەتچى پادىشاھنىڭ كۆزىنى سەدىقە قىلىشى» ناملىق ھېكايە رەسىمدىكى پادىشاھنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرغان يېرىم يالىڭاچ ئايال بىلەن كۇرسىدا ئولتۇرغان ئەر باشلىرىغا دوپپا كىيىشكەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. ئەنە شۇ 17 ـ ھۇجرا بىلەن 8 ـ ھۇجرىغا سىزىلغان «پادىشاھ ساردۇنىڭ قولىنى مەشئەل قىلىشى» ناملىق رەسىمدىمۇ پادىشاھنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ئىككى سودىگەر كىشىمۇ دوپپا كىيگەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيدىكى «ساخاۋەتچى ئوغلان» ناملىق پۈزۈر كىينگەن يىگىتمۇ بېشىغا دوپپا كىيگەن.

1900 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك ستەيىن خوتەندىكى دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن گۈزەل ئايال رەسىمدە ئايالچە دوپپا ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلەنگەن. يەنە سۇڭگۇچىگە تۆت قۇر قوڭغۇراق ئېسىپ، ئىككى بىلىكىگە ئىككىدىن تۆت تال بىلەزۈك تاقاپ، بوينىغا ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن زەنجىر، قۇلىقىغا ئالتۇن ھالقا ئېسىۋالغان يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىياپەتتىكى ئايال بېشىغا ناھايىتى چىرايلىق يارىشىملىق دوپپا كىيگەن، دوپپىنىڭ ئاستى چۆرىسىگە زىغزىق چىقىرىلىپ، ئىككى يېنىغا ئالتۇن زىننەت نەقىشلىرى ئورنىتىلغان.

قاراشەھەردىكى شورچۇق مىڭئۆيدىن تېپىلغان مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە خاس ئۇيغۇر ساخاۋەتچى بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن سۈرىتىدىكى ئەر كىشىمۇ ناھايىتى يارىشىملىق دوپپا كىيگەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن بولسا، مىراندىن تېپىلغان ساخاۋەتچى شاھزادە ھېكايىسىدە تەسۋىرلەنگەن پىل يېتىلەپ، چەينەك (چۆگۈن) كۆتۈرۈپ ماڭغان يىگىتمۇ بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

يۇقىرىدىكى بىر قاتار تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىدىكى دوپپا كۆرۈنۈشلىرى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنغان ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەپ ۋە ئۇنى تولۇقلاپ قالماي، بەلكى دىيارىمىز ئاھالىلىرىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپلا دوپپا كىيىشكە ئادەتلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بەزىلەر «بۆك» كېيىنچە «دوپپا» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان دەپ قارايدۇ⑯، بۇنىڭدىن بۆكنىڭ دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ نەپىس، تېخىمۇ جۇلالىق شەكىل، رەڭلەر بىلەن دوپپىغا قاراپ راۋاجلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ھازىرقى دوپپىلار تەخمىنەن 50 خىلدىن ئاشىدۇ، مەسىلەن، مامۇ دوپپا، قۇش بادام دوپپا، تاشكەنت دوپپا، گىلەم دوپپا، بەش تالا دوپپا، تۇرپان دوپپىسى، ئۈنچە دوپپا، چىمەن دوپپا، پاختا گۈللۈك دوپپا، قەشقەر بادام دوپپىسى، يەكەن بادام دوپپىسى، چۆچۈرە بادام دوپپا، ئاق شاپاق دوپپا، گۈللۈك شاپاق دوپپا، زەر دوپپا، ئىلمە دوپپا، غۇلجا دوپپىسى، تور دوپپا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىر خىل دوپپىنىڭ يەنە بىر قانچە خىل ئوخشىمايدىغان نۇسخىلىرى بار. بۇلار چوڭ شەكىل جەھەتتىن بىر خىل بولسىمۇ، ئەمما گۈل نۇسخىسى ۋە رەڭ تۈسى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، بادام دوپپىنىڭمۇ گۈل شەكلى، رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ، باشقا خىلدىكى دوپپىلارمۇ شۇنداق.

مەيلى قايسى خىلدىكى دوپپا بولسۇن، ئۇنىڭ ئاساسىي شەكلى گۈمبەزسىمان ياكى پىرامىدا شەكلىدە بولىدۇ. رەڭ جەھەتتىن ئالغاندا، كۆپىنچە دوپپىنىڭ تېگى رەڭگى قېنىق بولۇپ، گۈلى نىسبەتەن يورۇق رەڭلەردە بولىدۇ. ئومۇمەن، ئىشلىتىدىغان رەڭلەر ئوچۇق، ساپ رەڭلەردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر خىل گۈرۈپپىدىكى رەڭ تۈرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن «ماسلىشىش ئىچىدىكى قارىمۇقارشىلىق»نى ئاساس قىلىدۇ. رەڭلەرنىڭ مايىللىقى جەھەتتىن دوپپىلارنىڭ ئاساسىي رەڭگى قارا رەڭ، ئاق رەڭ، پىستە مېغىزى رەڭ، جىگەررەڭ، مايسارەڭ، يېشىل رەڭ، شاپتۇل چېچىكى رەڭ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، تىكىش ئۇسۇلى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ (شاپاق دوپپا ۋە تور دوپپىدىن باش-

قسى). ئالدى بىلەن ئەستەر ۋە تېشى ئەندىز بويىچە پىچىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەستەر بىلەن تاشنى بىرلەشتۈرۈپ،
شىلىم بىلەن چاپلاپ قاتۇرۇپ، ئاندىن ئۇششاق شىرىق سېلىنىپ، شىرىقنىڭ ئۈچىگە قەغەز بىلەن پىلتە ياساپ كىرگۈزۈ-
لىدۇ، ئاخىرىدىراق قېلىپقا سېلىپ، پات بېرىلىپ شەكلى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ⑰.

مەسىلەن، بادام دوپپىنى مىسال ئالساق، بۇ ئۇيغۇرلار ئاساسلىق كىيىدىغان دوپپا بولۇپ، ئۇ بىر قانچە خىل بولى-
دۇ. قەشقەرنىڭ «قەشقەر بادىمى» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل بادام دوپپا بولۇپ، ئۇنىڭ تۆپىلىكى ئېگىزرەك،
بادام گۈللىرى چوڭراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «چۆچۈرە بادام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل بادام دوپپا بولۇپ،
ئۇنىڭ تۆپىلىكى تېخىمۇ پەس، بادام گۈلى كىچىكرەك بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «چۆچۈرە بادام» دەپ ئاتىغان. بادام
دوپپىنىڭ ئومۇمىي شەكلى باشقا دوپپا شەكىللىرىگە ئاساسەن ئوخشاپ كەتسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلىدىغان گۈل
شەكلى بادام شەكلىدىكى چوڭ تۆت پارچە نەقىشتىن، شۇنداقلا دوپپا گىرۋىكىدىكى بۆرەكچە نەقىشلەردىن تەشكىل قى-
لىنغان بولغاچقا، ئۇنى «بادام دوپپا» دەپ ئاتايمىز. بادام دوپپىنىڭ يەنە «قوش بادام» دەيدىغان نۇسخىلىرىمۇ بار.
بادام دوپپىنىڭ گىرۋىكى يۇملاق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستى تۆت قىرلىق، ئۇنىڭ تەگ رەڭگى توق قارا ياكى توق قىزىل
رەڭلىك بولىدۇ. ئۆرە بادام دوپپىلارنىڭ تۆپىلىكى قىرلىق، قاتتىق، بۇرجەكلىرى چوڭ، ئېنىق بولىدۇ. جىيەكنىڭ بۇر-
جىكىدە كىچىككىنە پوپۇچىكى بولۇپ، دوپپىنى باشتىن ئالغاندا، كىيگەندە ئىشلىتىلىدۇ. رەڭ جەھەتتىن ئالغاندا، ئومۇ-
مەن تەگتى قارا رەڭلىك، يەنە بەزىلىرى قېنىق توق يېشىل بولۇپ، گۈللىرى ئاق مەشۇت يىپتا تىكىلىدۇ، بادام دوپپا
ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەرلەر كىيىدىغان بىر قەدەر ئومۇملاشقان دوپپا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

6) شلەپە

تارىخىي خاتىرىلەر بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، دىيارىمىز ئاھالىلىرى مىلادىيە 7 - ئەسىر-
لەردىن باشلاپلا شلەپە كىيىشكە ئادەتلەنگەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، 1906 - يىلى 7 - فېۋرالدا ئەنگلىيىلىك ستەيىن لوپنۇر-
لۇق توختى ئاخۇننىڭ يول باشلىشى بىلەن مىران قەلئە خارابىسىگە بارغان ھەم ئۇ جايدىن بىر قىسىم تام رەسىملىرىنى
تاپقان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تام رەسىمدە قوللىرىدا مەي قاچىسى، مېۋە قاچىسى ۋە گۈل سېۋىتى تۇتۇپ تۇرغان
يىگىت - قىزلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ئادەم قىياپىتى، كىيىنىشى ۋە قولىدىكى نەرسىلىرى يەرلىك خەلقنىڭ تۇر-
مۇشىدىن ئىنچىكىلەپ ئېلىنغان، بۇ رەسىمدىكى يىگىت بېشىغا شلەپە كىيگەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

قىزىل مىڭئۆينىڭ 14 - ۋە 114 - ھۇجرا تېمىدىكى «شاھزادىنىڭ دېڭىزغا كىرىپ مەرۋايىت سۈزۈشى» ناملىق رە-
سىمدىكى دېڭىزغا كىرىپ مەرۋايىت سۈزۈۋاتقان ئادەم بىلەن سۈزۈلگەن مەرۋايىتنى قاچىغا سېلىپ ئېلىۋاتقان ئادەم بې-
شىغا شلەپە كىيىۋېلىشقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. يەنە شۇ ھۇجرىدىكى «دۇلدۇل ھەققىدە ھېكايە» ناملىق تام رە-
سىمدىكى دۇلدۇلغا مىنىپ ماڭغان قايرىما ياقىلىق چاپان ھەم گۈل پۇشقاق تامبال كىيگەن ئەر-ئاياللىمۇ يارىشىملىق شە-
لەپە كىيگەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

قىزىل مىڭئۆينىڭ 99 -، 157 -، 175 - ھۇجرا تاملىرىغا سىزىلغان «شاھزادىنىڭ تۇغۇلۇشى» ناملىق بىر يۈرۈش رە-
سىملەرنىڭ بىرىدە، ئۆگە - ئۆگىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يالىڭاچ قىياپەتتىكى شاھزادىنىڭ بوينىغا مارجان ئېسىپ، بې-
شىغا شلەپە كىيىۋالغان قىياپىتى ناھايىتى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن، ئۇنىڭ بېشىدىكى شلەپە شەكلى ھازىرقى شلەپىلەرگە
ناھايىتى ئوخشايدۇ. يەنە مالىخاي - شلەپە كىيگەن ئوبرازلار نىيە قەدىمكى قەبرىستانلىقى بىلەن تۇرپاندىكى ئاستانە
قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

7) رومال - ياغلىقلار

دىيارىمىز ئاھالىلىرى ھاياتىدا قىز-ئاياللار باشلىرىغا رومال-ياغلىقلار چىگىش (ئارتىش) ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا
ئىگە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ بىرى بولغان. بۇ خىل ئېتنىك ئەنئەنە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈشلەردە ئىسپاتلان-
دى. مەسىلەن، 4000 يىللار، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۇزاقراق تارىخنىڭ شاھىدى بولغان كۆنچى دەريا ساھىللىرىدىكى قەبرى-
لەردىن، ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋرلەرگە خاس زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن، يانبۇلاق، قىزىلچوقا قەدىم-
كى قەبرىستانلىقلىرىدىن، نىيە قەدىمكى قەبرىستانلىقلىرىدىن، سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ھەر خىل يۇڭ توقۇل-

www.uyghurkitap.com



ملاردىن، كەندىر ۋە پاختا توقۇلملاردىن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە خاس قارىغوجا ۋە ئاستانە قەبرىستانلىقدىن دۇردۇن، شايى، كىمخاپ، دارايىلاردىن ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن رومال ۋە ياغلىقلار تېپىلغان.

مەسىلەن، 1985 ـ يىلى شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى چەرچەن ناھىيىسى توغراقلىق يېزىسى زاغۇنلۇق كەنتىدە بەش قەدىمكى قەبرىنى قازغان.

قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە رەتلىنىپ تىزىملانغان روماللار بەش دانە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىللە قوشۇپ توقۇلغان مەخسۇس ھەر خىل گۈل ئۆرنەك نۇسخىلىرى، ئىككى بېشىدا پۆپۈكلىرى بار. مەسىلەن، 5:2M ـ نومۇرلۇق تەكتى كۆك، قىزىل يول چىقىرىپ توقۇلغان رومالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14.5 س. م، كەڭلىكى 55 س. م، يۇزىگە ئۈچ گورۇپپا قىزىل رەڭلىك يول (ئۇزۇنىسىغا) چىقىرىپ توقۇلغان. رومالنىڭ چىداملىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككى بېشىنىڭ قىرىنى بويلىتىپ توغرىسىغا يەنە بىر قۇر قىزىل ئۆرۈش (يول) قوشۇپ توقۇلغان. رومال پۆپۈكلىرى (ئۇزۇنلۇقى 10 س. م ئەتراپىدا) ئۆرۈش يىپلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېشىۋېتىلگەن. 01:3M ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان تەكتى قوڭۇر رومال گەرچە تىتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بۆكەن، تۆگە ئوبرازلىق ئۆرنەكلەر ناھايىتى ئېنىق ۋە چىرايلىق ئىشلەنگەن. 97:4M ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان تەكتى سېرىق، قىيپاش يوللۇق توقۇلمىدىن تەييارلانغان روماللارغا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن. روماللارغا چۈشۈرۈلگەن قاينام (يۆگىمەچ گۈل) ئۆرنەكلىك گۈل نۇسخىلار قىزىل رەڭ بىلەن قولدا سىزىلغان بولۇپ، بۇيۇملارنىڭ ھۆسن ئۈستىگە ھۆسن قوشقان. 08:4M ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان رومال (2 / 2 لىك قىيپاش يوللۇق توقۇلما) خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان، ئۇزۇنلۇقى 147 س.م، كەڭلىكى 60 س. م، پۆپۈكلىرىنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى 20 س. م كېلىدۇ ⑲.

1984 ـ يىلى شىنجاڭ مۇزېيىدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقدا قېزىش ئېلىپ بارغاندا، بۇ جايدىنمۇ توقۇلما رەختلەردىن ئىشلەنگەن روماللار تېپىلغان، بولۇپمۇ رەڭدار توقۇلملار ئىچىدە سارجىغا ئوخشاش توقۇلغان يۇڭ رەختتىن، كۆپتۈرمە تۇتىلىق، ئۈچۈم تۇتىلىق، يوللۇق تۇتىلىق توقۇلغان يۇڭ رەختلەردىن، نېپىز ـ شالاڭ توقۇلغان يۇڭ رەختلەردىن ۋە ئۆزىدىن گۈل چىقىرىپ توقۇلغان يۇڭ رەختلەردىن ئىشلەنگەن كۆركەم رومال ـ ياغلىقلار (پارچىلىرى) تېپىلغان.

ئىلگىرىكى زامانلاردا ھەر خىل يۇڭ توقۇلما رومال ـ ياغلىقلار ئارتىشقان ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى تارىختىن بۇيان بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ھازىرقى زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىمۇ دوپپا، تۇماق كىيگەندىن سىرت، رومال ـ ياغلىقلار ئارتىدۇ. بۇمۇ ئۇلارنىڭ بىر خىل ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە باش كىيىمى ھېسابلىنىدۇ. قىش پەسلىدە ئۇلار يۇڭ رومال، ياغلىق، شارپا قاتارلىقلارنى ئىسسىق تۇرۇش، سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئارتىدۇ. ئەمما ياغلىق، رومال ئارتىش ئاساسلىقى دىنىي پائالىيەت، ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىغا قاتنىشىش، شۇنداقلا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەپ ـ قائىدىلەردىمۇ مۇھىم ھېسابلىنىدۇ.

رومالنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، ئادەتتە ئارتىدىغان روماللار ـ غىجىم رومال، يىپەك رومال، تور رومال، يۇڭ (تىۋىت) رومال، ئاق رومال قاتارلىقلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا گازۋاي ياغلىق، ھېلىلە ياغلىق، نىلون ياغلىق، گۈللۈك ياغلىق، گىرىپ ياغلىق، پەرەڭ ياغلىق قاتارلىق روماللارمۇ بار، قىز ـ چوكانلار بۇلارنى بېشىغا ئارتىدۇ ياكى بوينىغا سالىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى رومال ـ ياغلىقلار ئارتىش (چىگىش) ئادىتى شامان، بۇددا، مانى دىنى دەۋرلىرىدە نورمال باش كىيىم ھېسابلانسا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن رومال ـ ياغلىقلار شەرىئەتكە ماسلىشىپ تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن، چۈنكى ئىسلام دىنى بارلىق چىشى جىنسلىقلارنىڭ باش ـ كۆزىنى يېپىپ ھايالىق يۈرۈشنى تەلەپ قىلغاچقا بارلىق قىز ـ ئاياللار رومال، ياغلىقتىن ئايرىلمايدىغان بولغان.

دىيارىمىزغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، توي قىلغان قىز ـ چوكانلار چۈمبەل تارتىدىغان بولغان. مەسىلەن، ئىسلام ئەقىدىسى قويۇق ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەشقەر رايونىدا ئىشلىتىدىغان چۈمبەل نېپىز يىپەك رەختتىن تىكىلگەن بىر پارچە قارا رەخت بولۇپ، ئۇنى ئاياللار پېشانىسى ئارقىلىق بېشىغا چىگىدۇ. چۈمبەل يۈز قىسمىدا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.

ئاياللار يۈزىگە تارتقان چۈمبەلدىن سىرتنى كۆرەلەيدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۆزىنىڭ ئېرىدىن باشقا كىشىلەرگە يۈزىنى كۆرسەتمەيدۇ. ياز كۈنلىرىمۇ بېشىنى، يۈزىنى، كۆكرىكىنى، ھەتتا قورساق، بەل قىسىملىرىنىمۇ رومال بىلەن چۈمكۈۋالىدۇ. خوتەن رايونىدىكى ئاياللار ئومۇميۈزلۈك ئاق چۈمبەل ئىشلىتىپ، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىزلىرىنى يۆگىۋالىدۇ. پەقەت ئىككى كۆزىنىلا ئوچۇق قالدۇرىدۇ، مۇراسىملاردا ئىشلىتىدىغان چۈمبەل رەڭگى ئاق بولۇپ، سوزۇنچاق چاسا شەكىلدە، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ، قول ئارقىلىق نېپىز قىلىپ ئىشلىنىدۇ، نەقىشلىك تۆشۈك ئېچىلىدۇ⑱.

دېمەك، ئەجدادلارنىڭ باش كىيىملىرىگە شامان، بۇددا دەۋرىدىكى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئالەم، تەبىئەت ھەم روھىيەت قاراشلىرى، گۈزەللىك قارىشى، تارىخى، ئۆرپ-ئادىتى، تارىخىي ئەنئەنىسى، ئەمگەكچان روھى، يۇرت-جۇغراپىيىلىك قاراشلىرى ھەم ئەجدادلىرىدىن ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىق كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مۆجىزىلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

**ئىزاھاتلار:**

① لى يۈيچۈننىڭ «نىيە خارابىسىدىن چىققان مۇھىم يادىكارلىقلار» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1988 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 4 ـ سانىدا) ماقالىسى بىلەن ئەخمەت رېشىت، توختى تۇراخۇننىڭ «نىيە خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر توغرىسىدا قىسقىچە بايان» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1997 ـ يىل، 3 ـ، 4 ـ سان، 120 ـ، 133 ـ بەتلەر) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

②، ③ ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى: «ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا نەزەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1991 ـ يىل 2 ـ سان.

④، ⑱ ئابدۇقېيۇم خوجا: «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1998 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ قوشما سان، ئۇيغۇرچە 86 ـ، 118 ـ بەتلەرگە قاراڭ، يەنە شۇ ئاپتور قەلەمگە ئالغان «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىپ رەتلەش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «ئۇيغۇرچە، 1997 ـ يىل، 3 ـ، 4 ـ قوشما سان، 17 ـ، 119 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑤، ⑭، ⑰، ⑱، ⑳ ئىمىنجان ئابدۇرېھىم. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باش كىيىمى ـ دوپپا ۋە دوپپا تۇماق توغرىسىدا» «شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى»نىڭ 1996 ـ يىل 1 ـ سان، 50 ـ، 57 ـ بەتلەر.

⑥ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى-ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيى: «شىنجاڭ پىچان ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى خارابىسى ۋە قەبرىلىرى»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە 2002 ـ سان، 6 ـ سان.

⑦ خەن جيۇ: «كۇنەس ناھىيىسىدىن تېپىلغان مىستىن ياسالغان چەۋەنداز ھەيكىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 2002 ـ يىل 6 ـ سانىغا قاراڭ.

⑧ سۈن جى: «جۇڭگو مۇقەددەس ئوتى»، لياۋنىڭ مائارىپ نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1996 ـ يىل نەشرى، 100 ـ بەت، 1 ـ، 2 ـ رەسىمگە قاراڭ.

⑨ جىڭدۇ ئۇنىۋېرستېتى مەركىزىي ئاسىيا تەكشۈرۈش دوكلاتى «بامىيان» 3 ـ جىلد، 204 ـ بەت، 1، 3 ـ رەسىم.

⑩ لى جېڭ. «خىت مەدەنىيىتى ۋە چەتتىن كىرگەن مەدەنىيەت»، «جياڭشى خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1996 ـ يىلى نەشرى، 65 ـ، 85 ـ بەت.

⑬، ⑪ ش ئۇ ئا ر مۇزېيى قاتارلىقلار: «چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «ئۇيغۇرچە، 2001 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ قوشما سانىغا قاراڭ.

⑫ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى. «شىنجاڭ قومۇلدىكى ئەسكى شەھەر قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىلىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 2002 ـ يىل 3 ـ، 4ـ قوشما سان، 37 ـ، 60 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑮ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «ئارخېئولوگىيە مەلۇماتلىرىدىن دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى ھەيكەلتىراشلىقىغا نەزەر»، «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2006 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سان ۋە 2007 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

⑯ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىنىڭ «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى» ناملىق كىتابىدىكى ئالاقىدار ماقالىلەرگە قاراڭ، 1994 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)

www.uyghurkitap.com



# ئۆپۆقتا چاقنىغان دوستلۇق

قايىنام جاپپار

زېمىن گۈل ـ چېچەككە تولغان ئالتۇن كۈز پەسلى، مەن ھاياتىمدا ئۇنتۇلمايدىغان ئەھمىيەتلىك سەپەر ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىكەنمەن، چېگرا ئاتلايدىكەنمەن، ئىسمى زىكرى قىلىنسا، بىر كۆرسەم دەيدىغان ئارزۇ ـ تىلەكلەر ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالىدىغان دەقىقىلەردە، كورىيىنىڭ تاغ ـ دەريالىرى ساماۋى چۆچەكلەردەك كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى.

بۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتى ۋەكىللىرى تەركىبىدە بېيجىڭدىن كورىيىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. كورىيىنىڭ داشىگۇ، چىڭبېي قاتارلىق شەھەرلىرىدە تەكلىپكە بىنائەن خەتتاتلىق ئەسەرلىرىمىزنى كۆرگەزمىگە قويىدىغانلىقىمىزنى، بۇ سەپەرنىڭ بىر قېتىملىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىكەنلىكى، ئىككى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئەبەدىي دوستلۇق كۆۋرۈكى ئۈچۈن بىر دەستە گۈل تىزىدىغىنىمىزنى ئويلىغىنىمدا تولىمۇ ھاياجانلاندىم، بۇ كەم تېپىلىدىغان پۇرسەت ئىدى.

ئۆمەك تەركىبىدە 13 كىشى بولۇپ، مەندىن باشقا ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلىق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نىياز كېرەم شەرقى بىلەن شۇ جەمئىيەتنىڭ كاتىپى قاتارلىق ئۈچىمىز ئۇيغۇر ئىدۇق. بىز بۇ قېتىم دوستلۇق سوۋغىسى سۈپىتىدە 80 پارچە ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى تاللاپ، كورىيە خەلقىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ ماڭدۇق. بۇ ئەسەرلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرى خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى.

2007 ـ يىلى ئاۋغۇستتا، دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن كورىيىلىك مەشھۇر خەتتاتلار ئاپتونوم رايونىمىزدا زىيارەتتە بولغانىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە بىرلەشمە خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەتتاتلىرىنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى، شۇ قېتىم ئۇلارنىڭ خەتتاتلىق ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، كورىيە خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى، سەنئىتىگە ئالاھىدە ھېرىسمەن بولغانىدىم.

ئايروپىلان ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا شۇڭغۇماقتا، مەن ئايروپىلان ئەينىكىدىن چەكسىز ئۆپۆققا نەزەر تاش-



لىدىم. ئاپئاق بۇلۇتلار خىيال قۇشلىرىمغا قوشۇلۇپ، كورىيىنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرى ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئۆمەك ئەزالىرىمۇ ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولسا كېرەك. ھەممە جىمجىت خىيالغا چۆككەن، ئايروپىلاننىڭ يېنىك گۈركىرىگەن ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، مەن بەزىدە فوتو ئاپپاراتىمنى بىپايان ئاسماندا لەيلەپ تۇرغان ئاپئاق بۇلۇتلارغا توغرىلايتتىم.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇبىڭ، خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى يۈشياۋسەن سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى بىزگە كورىيىگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرغاندا ھاياجاندىن بىر كېچە كىرپىك قاقمىغان ئىدىم. شۇڭا، ھېلىمۇ شۇ ھاياجان ئىلكىدە سىرتقا تىنماي قارايتتىم. چۈنكى بۇ تېخى مېنىڭ كورىيىگە تۇنجى قېتىم سەپەر قىلىشىم-دە! مەن مېڭىشتىن ئىلگىرى پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى ئاجايىپ ھېكمەت دوردانىلىرىنى تاللىدىم ھەم سەنئەت ئىندىۋىدۇئاللىقىغا تويۇنغان، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىگە، شۆھرىتىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەسەر ئۈستىدە باش قاتۇردۇم. شۇڭلاشقا، كاللامدا پىشقان پىكىرلەر دېڭىزلىرىدا سەيلە قىلىپ، ئاخىر سوۋغامنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكۈزدۈم. بۇ ئەسەرلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە خەتتاتلىق سەنئىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇيغۇر خەتتاتلىرىنىڭ ماھارىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېسەم لاپ ئۇرغانلىق بولماس. چۈنكى مەن خەلقىمىزنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىگە ۋەكىل بولۇپ بارىمەن ئەمەسمۇ!

ئايروپىلان كورىيە ھاۋا بوشلۇقىغا كىرگەندىلا خىيالىمدىن سەگىدىم. ئايروپىلان كورىيىنىڭ داگيۇ شەھىرىدىكى گۈزەل ئايروپورتقا قوندى. ئايروپورتتا بىزنى خەلقئارا خەتتاتلىق سەنئىتى بىرلەشمىسى كورىيە تارماق بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى كۈتۈۋالدى ۋە قىزغىن قارشى ئالدى، شۇنداقلا قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. كورىيە تەرەپ كۆرگەزمە مەزگىلىدە ساھىبخانا سۈپىتىدە بىزنى داگيۇ، چىڭخېي قاتارلىق شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتكە ئورۇنلاشتۇردى. ساھىبخانا تەرەپ كۈتۈۋېلىش، سۆھبەت چايلىرى ھازىرلاپ، كورىيە خەتتاتلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار — داڭلىق ئەدىبلەر بىلەن ئۇچراشتۇردى. 11-ئۆكتەبىردىن 18-ئۆكتەبىرگىچە بىز داگيۇ شەھىرىنىڭ باگۇڭشەن تېغىدىكى تۇڭخۇا ئىبادەتخانىسى، بۇسان جىڭجۇ شەھىرىدىكى فۇگۇاڭ ئىبادەتخانىسى، شۇنىڭدەك مائارىپ-مەدەنىيەت سارايلىرى، چۈنچۇ شەھىرىدىكى جىجى ئىبادەتخانىسى، دۇنياغا مەشھۇر پوسكو (posco) پولات-تۆمۈر زاۋۇتى قاتارلىق 32 مەشھۇر جاينى زىيارەت قىلدۇق.

داگيۇ قەدىمكى شىنلو ۋە جايى دەۋرىدىكى پارلاق تارىخىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغان. ھازىرغا قەدەر داگيۇ سانسىز مۇكەممەل تارىخىي ئەنئەنە ۋە ئىلغار مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى قەدىرلەپ ساقلانغان ئىنتايىن ئەتىۋارلىق جايغا ھەمدە لېگەن رايونىدىكى كۆڭۈل ئاچىدىغان، ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان مۇھىم شەھەرگە ئايلانغان.

كورىيىلىكلەرنىڭ مېھماندوستلۇقى، قائىدە-يوسۇنلىرى بىز ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





ئۇلارنىڭ ئۆيگە كىرگەندە ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، ساپما كەش كىيىشى، پاكار، كىچىككىنە شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ مۇڭدىشىشى بىزنىڭكىگە نېمىدېگەن يېقىن دەپ ئويلىنىپ قالدىم. نىياز كېرەم شەرقى ئاكا پاكار شىرەگە ئەدەپ بىلەن كېلىپ، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، چاقچاق قىلغاچ ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدىلىرىنى ئىپادىلەشكە تىرىشتى، كورېيىلىك دوستلار ئىككىمىزنىڭ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرالايدىغانلىقىمىزغا تولىمۇ قىزىقتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلىدى.

كورېيە ئاسىيادا نۆۋەتتە بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ بىرى بولۇپ، پۈتكۈل تەرەققىيات سەۋىيىسى بىزدىن خېلىلا ئۈستۈن ئىكەن. كورېيىلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىمۇ خېلىلا يۇقىرى تۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە بولغان قىزغىن مۇئامىلىسى، مېھماندوستلۇقى، ئىززەت - ئىكرام قىلىشى بىزنى ناھايىتى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار ئۆزگىنى ھۆرمەت قىلماسلىق ئۆزىنى خورلىغانلىق دەپ بىلىدىكەن. كورېيىلىكلەر ناھايىتى باي، مەدەنىيەت - سەنئەتكە ئاشىق، يۇرۇش - تۇرۇشى، كىيىنىشى رەتلىك يۇرۇشنى ئادەت قىلغانىكەن.

مەن بۇ قېتىم كورېيە سەپىرىمدە بىر نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. كورېيىدە ئېگىز بىنالار ئاز، يولمۇ ئانچە كەڭ ئەمەس، لېكىن مۇھىتى ئىنتايىن ساپ ھەم پاكىز ئىكەن. شەھەر بىلەن يېزىلار ئارىسى تۇتاش كەتكەن بوستانلىق بولۇپ، كىلىماتى كىشىگە ھۇزۇر بېرىدىكەن. دېڭىز - ئوكيان مۇسۇنلۇق ئىقلىمى بۇ گۈزەل دۆلەتكە گۈزەللىك بەرگەنمىكىن، قويۇق دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەر مەيىن شامالدا يېنىك دولقۇنلاپ تۇرىدىكەن. پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى كورپۇس ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن ھويلا - ئاراملىرى كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدىكەن.

كورېيە مائارىپ، سەھىيە، سانائەت قاتارلىقلاردا خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئاسىيادىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق تۆت كىچىك ئەجدىھانىڭ بىرىگە ئايلانغاندى.

14 - ئۆكتەبىر چۇنچيۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت - سەنئەت سارىيىدا 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو - كورېيە خەلقئارا خەتتاتلىق سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. جۇڭگو تەرەپ كۆرگەزمىگە 80 پارچە، كورېيە تەرەپ 80 پارچە ھۆسنخەت ئەسەرنى قاتناشتۇردى. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە خەتتاتلىق ئەسەرلىرى ئون پارچە بولۇپ، تاماشىبىنلارنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى. خەلقئارا خەتتاتلىق سەنئىتى بىرلەشمىسى كورېيە تارماق بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى چوەن شىخوەن ئەپەندى سۆز قىلىپ: «جۇڭگو شىنجاڭدىكى خەتتاتلارنىڭ بۇ 80 پارچە ئەسىرى دېڭىز - ئوكيانلاردىن ھالقىپ بىزنىڭ چۇنچۇغا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر خەتتاتلارنىڭ ئۆزگىچە سەنئەت ماھارىتىنى نامايان قىلىپلا قالماي، كورېيە - جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى ئىپادىلىدى. بىز خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ بۇ يەردىمۇ تېخىمۇ ئاجايىپ جۇلالىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بىز بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە ئارقىلىق خەتتاتلىققا ھەۋەس قىلىدىغان شەھەر پۇقرالارنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكتىن تولۇق زوق ئېلىشىغا تىلەكداشمىز» دېدى. پائالىيەتتىن كېيىن، جۇڭگو - كورېيىدىن سەككىز نەپەر خەتتات نەق مەيداندىلا خەتتاتلىق ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى ۋە ئۆزئارا ئەسەر يادىكار قىلىشتى.

18 - ئۆكتەبىر، بىز كورېيە خەتتاتلىرى ۋە ھەرقايسى دوستلاردىن قىيالماسلىقتەك چوڭقۇر دوستلۇق ھېسسىياتىمىز بىلەن ئايروپىلانغا چىقتۇق.

خەير - خوش كورېيە، خەتتاتلىق سەنئىتىمىزدىن ئاپىرىدە بولغان دوستلۇق كۆۋرۈكى ئۇپۇقتا مەڭگۈ چاقناغۇسى!



# خوتەن گىلەملىرىدىكى مەنزىرە ۋە ئوبراز نۇسخىلىرى

**سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق**

مەنزىرە نۇسخا گىلەملىرى ۋە ئوبراز نۇسخا گىلەملىرى خوتەن گىلەملىرى ئىچىدە ئۆزگىچە شەكىلدە ئىچىلغان خۇش پۇراق گۈل بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشقا يېقىنلىقى، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكى، دەۋر روھىغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خوتەندە توقۇلغان باشقا نۇسخىدىكى گىلەملەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا توقۇلۇشىنىڭ سىپتا، كۆركەم، ئىنچىكە تەلپىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەنمۇ باشقا گىلەملەرنىڭ توقۇلۇش ئالاھىدىلىكىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇنى كۆرسىتىش زۆرۈركى، خوتەن گىلەمچىلىكى، بولۇپمۇ خوتەن گىلەملىرىنىڭ نۇسخا تۈرلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئەت تەتقىقاتىدا ئالاھىدە بىر تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوتەن گىلەمچىلىكى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭىلىنىش، كۆپىيىش ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىستېمال ۋە مەدەنىيەت -

سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە بارلىققا كەلگەندە بىر ياكى بىر نەچچە نۇسخىدا بارلىققا كەلگەن بولسا، تەرەققىيات جەريانىدا كۆپ خىللىشىپ بۇگۈنكىدەك كۆپ خىل نۇسخىدا توقۇلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. نۆۋەتتە خوتەن گىلىمى كەلكۈن نۇسخا، يۇلتۇز نۇسخا، شام نۇسخا، ئانارگۈل نۇسخا، پاختا نۇسخا، بەش چېچەك نۇسخا، چاچما نۇسخا، جايناماز نۇسخا، ئىران نۇسخا، لوڭقا نۇسخا، ئەدىيال نۇسخا، مەنزىرە نۇسخا، ئوبراز نۇسخا، خاتىرە نۇسخا، غازى نۇسخا، ئىلھام نۇسخا، شاھمات نۇسخا، كېپىنەك نۇسخا قاتارلىق 18 خىل ئاساسىي نۇسخىدا توقۇلۇۋاتىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە تېخى نامى بېكىتىلمىگەن گىلەملەرمۇ بار. بۇ كۆپ خىل نۇسخىدىكى گىلەملەردە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، خەلقنىڭ خۇشاللىقى، ئارزۇ - ئارمان، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش روھى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئەھۋاللار خوتەن گىلەملىرىنىڭ قانداقتۇر خىيالىي تۈيغۇ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بۇيۇم ئەمەسلىكىنى روشەن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

خوتەن گىلەملىرىنىڭ ھەر بىر نۇسخىسى تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ساھەسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن سەنئەت ئەسىرىدۇر. چۈنكى، خوتەن گىلىمى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتتە ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئالايلۇق، كەلكۈن نۇسخا گىلەمدە ئەجدادلارنىڭ سۇنىڭ ھاياتلىق ۋە بوستانلىقنىڭ جېنى ئىكەنلىكىدەك رولىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدەك ھەقىقەت نامايان قىلىنغان؛ يۇلتۇز نۇسخىلىق گىلەمدە ئەجدادلارنىڭ قۇياش، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا تېۋىنىش، ئۇلارنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئىپادىلەنگەن؛ شام نۇسخا گىلەمدە ئەجدادلارنىڭ يورۇقلۇقنى ئۇلۇغ، يورۇقلۇقنى ياخشىلىق، ئادىللىق، ئامانلىقنىڭ نىشانى، دەپ قارايدىغان چۈشەنچىسى ئىپادىلەنگەن بولسا، ئانارگۈل نۇسخا گىلەمدە ئۇلارنىڭ ئاناردىن ئىبارەت مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسى بولغان ئانار ۋە ئۇنىڭ پوستى، ئانارگۈلى قاتارلىقلارنىڭ دورىلىق، شۇنداقلا ئىستېمال ۋە زىننەت بۇيۇمى ئىكەنلىكىدەك رولىنى چۈشەنگەن ھالىتى نامايان قىلىنغان. پاختا نۇسخا گىلەمدە ئەجدادلارنىڭ مول ھوسۇل خۇشاللىقى ئىپادىلەنگەن بولسا، بەش چېچەك نۇسخا گىلەمدە ئەجدادلارنىڭ ئۇلتۇراقلىشىش ئەنئەنىسى نامايان قىلىنغان، ئىران نۇسخا ۋە لوڭقا نۇسخا گىلەملەردە ئەجدادلارنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ ئاساستا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشتىكى ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنگەن بولسا، ئەدىيال نۇسخا گىلەملەردە ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىكى تۆت پەسىل توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن خاتىرە نۇسخىلىق گىلەملەردە كىشىلەرنىڭ چوڭ - چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي پاكىتلارنى بىلىش، ئىپادىلەشكە بولغان ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن بولسا، مەشھۇر رەسسام غازى ئەھمەد لايىھىلىگەن، غازى نۇسخا گىلەم دەپ ئاتالغان غازى نۇسخىدا ئۇيغۇر ئۆي بېزەكچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى نامايان قىلىنغان، مانا بۇلار بىزگە خوتەندە توقۇلغان گىلەملەرگە خەلقنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنىڭ سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشنى يەنى ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇشنى ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان قىممەتلىك بۇيۇم بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مۇشۇنداق كۆپ خىل مەزمۇنغا ئىگە گىلەملەر ئىچىدە مەنزىرە نۇسخا گىلەملەر ۋە ئوبراز نۇسخا گىلەملەر مەزمۇن ۋە تېخنىكا تەلەپلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك بىر تەرەپتىن خوتەن گىلەملىرى ئارىسىدا ئېچىلغان يېگانە گۈل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن گىلەملىرى ئىچىدە مۇستەقىل ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن نۇسخىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخىدىكى گىلەملەرمۇ باشقا نۇسخىدىكى گىلەملەرگە ئوخشاش خەلقنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ ئەھۋال مەنزىرە نۇسخىلىق گىلەملەردە ئىپادىلەنگەن. ئادەتتە مەشھۇر تەبىئىي گۈزەل جايلارنىڭ مەنزىرىسى ئۆرنەك قىلىنىپ توقۇلغان ۋە تاغ - ئېدىر، كۆل - شارقىراتما، ئورمانلىق، گۈللۈك، چىمەنزارلىق قاتارلىق ھەقىقىي ياكى خىيالەن تەبىئەت مەنزىرىسى بىر پۈتۈن ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن گىلەملەر مەنزىرە نۇسخىلىق گىلەملەر دائىرىسىگە كىرىدۇ، بۇنداق گىلەملەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە مېھمانخانا ئۆيلەرگە ۋە باشقا ئۆيلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك يېرىگە ئېسىپ قويۇلۇپ، كىشىلەرگە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇر بېرىش رولىنى ئوينايـ

دۇ. بۇنداق گىلەملەرنى كۆرگەندە ئادەم ئۆزىنى ئۈستى ئاپئاق قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلانغان، بېشى كۆككە يەتكەن ئېگىز تاغلاردا، تاغلاردىن ھاسىل بولغان دەريا ـ ئېقىنلار، كۆل ـ شارقىراتمىلار بويىدا، تاغ باغرىدىكى ئورمان ـ گۈللۈكلەردە، چىمەنزارلىقلاردا، بىنامالاردا يۈرگەندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. بۇ مەنزىرىلەر مۇشۇ زېمىننى ئۆزىگە مەنبە قىلغان.

بوستانلىق قاراۋۇلى بولغان توغراقنىڭ خەلقىمىزنىڭ ھاياتلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان مەنزىرە گىلەملىرى.

كۈز پەسلىدە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەن دەريا بويىدا ئېگىز ئۆسۈپ، ئالتۇندەك سارغايغان سىرىق ياپراقلىرى بىلەن تەبىئەتكە ھۆسن قوشۇپ تۇرغان توغراق توپى ۋە ياكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا باراقسان توغراق مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن گىلەملەر ئادەمگە يىراق تارىخنى ئەسلىتىدۇ. سېھىرلىك تەكلىماكاننىڭ بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق يىل ئىلگىرىكى تۇرمۇش مۇھىتىغا باشلاپ كىرىدۇ. توغراقنىڭ خىسلىتى ھەققىدە ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بىزنى تەكلىماكان قۇملۇقىغا غەرق بولۇپ كەتكەن تىلسىماتلىق شەھەر، قەلئەلەرگە كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

توغراقنىڭ رولى تۇرمۇشىمىزدا مۇھىم بولغاچقا گىلەمچى ئۇستىلارمۇ مۇشۇنداق تۇرمۇش ئەنئەنىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن توغراق توپى ۋە يېگانە توغراقنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ مۇشۇنداق ئېسىل گىلەملەرنى توقۇپ چىققان، شۇڭا ھەرقانداق بىر ئادەم بۇنداق گىلەملەرنى كۆرسە قەلبىدە قۇملۇققا يىلتىز تارتىپ، قۇم ـ بوران ئالدىدا باش ئەگمەي ھاياتلىقنى خالىس قوغداپ كېلىۋاتقان توغراقلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇسىنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئوبراز نۇسخىلىق گىلەملەرمۇ خوتەن گىلەملىرى ئىچىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرىدىغان نۇسخىلارنىڭ بىرىدۇر. ئادەم، ھايۋان، ئۇچار قۇشلار ئوبرازىنىڭ نامايان قىلىنىشى بۇ نۇسخىدىكى گىلەملەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا مەنزىرە نۇسخا گىلەملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئالاھىدىلىكىدۇر. چۈنكى، مەنزىرە نۇسخا گىلەملىرىدە تاغ ـ دەريا، كۆل، ئورمانلىق، گۈلزارلىق، شارقىراتما قاتارلىق مەنزىرىلەر بولىدۇ، ئەمما ئادەم، ھايۋان، ئۇچار قۇشلار ئوبرازى بولمايدۇ. ئوبراز نۇسخىدىكى گىلەملەردە مەنزىرە بولىدۇ ھەم مەنزىرە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ھالدا ئادەم، ھايۋان، ئۇچار قۇشلار ئوبرازى يارىتىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەبىئەت بىلەن ئادەملەرنىڭ ئورگانىك گەۋدىگە ئىگە ئىكەنلىكى نامايان قىلىنىدۇ. ئوبراز نۇسخا گىلەملەر تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا گىلەم ۋە ھەقىقىي ئوبراز نۇسخا گىلەم دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ خىلدىكى گىلەملەردە ئادەم، ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار ئوبرازى يارىتىلىپ تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

بىرىنچى، قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى دېگەن تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق قارىشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ توقۇلغان گىلەملەر.

ئۇچار قۇشلار — ئىنسانلارنىڭ دوستى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ ياخشى ۋاستىسى، تەبىئەتنىڭ زىننىتى. بۇ نۇقتىنى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئاللىبۇرۇن تونۇپ يەتكەن. شۇڭا قۇشلارنى ئاسرايدىغان، ئۇلار بىلەن بىرگە ياشايدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. قۇشلارنىڭ رولى زور بولغاچقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىمىزدا كاككۇك، قارلىغاچ، بوزتورغاي، لاچىن قاتارلىق قۇشلار توغرىسىدا مۇناسىپ خاتىرىلەر، باياناتلار بارلىققا كەلگەن. مۇشۇ قاراشلار تەسىرىدە گىلەملەردىمۇ ئۇچار قۇشلار ئوبرازىنى نامايان قىلىش نوقۇل ماھارەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا بولمىغان، بەلكى ئەجدادلارنىڭ ئۇچار قۇشلارنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنى نامايان قىلىش يۈزىسىدىن بولغان. خوتەننىڭ تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا گىلەملىرىگە چۈشۈرۈلگەن ئۇچار قۇشلار ئاساسلىقى ئۇچۇۋاتقان قۇش، قارلىغاچ، لاچىن، شۇڭقار، بۈركۈت، كەپتەر، سۇ ئۈزۈۋاتقان غاز ـ ئۆردەك قاتارلىقلار بار.

ئىككىنچى، ياۋايى ھايۋانلار تەبىئەتنىڭ زىننىتى، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ تولۇقلىمىسى دېگەن قاراشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ توقۇلغان گىلەملەر.

ئەجدادلىرىمىز ياۋايى ھايۋانلارنى تەبىئەتنىڭ زىننىتى، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى، ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى، دەپ قاراپ كەلگەن. تەڭرىتاغلىرى ۋە تارىم ئويمانلىقى ئادەملەر ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ ياشاش ماكانى بولۇپلا قالماي، ئەكسىچە ياۋايى ھايۋانلارنىڭمۇ ياشاش ماكانى بولۇپ، بۇ يەردە قەدىمدىن باشلاپ تاكى

www.uyghurkitap.com


20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلار توپ ـ توپى بىلەن چېپىشىپ يۈرۈشكەندى.

خوتەندە توقۇلغان تەسۋىرىي ئۇبراز نۇسخا گىلەملەردىمۇ بۇ خىل ھالەت ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، شۇڭا گىلەملەرگە ئوتلاۋاتقان تۆگە، بۇغا ـ مارال، ئارام ئېلىۋاتقان ياكى ئوۋ مارىلاۋاتقان شىر، يولۋاس، يىلپىز، دالىدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئارغىماق قاتارلىق ھايۋانلار سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

ئۈچىنچى، باشقا رايونلارنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىسىنى چۈشىنىش جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ توقۇلغان تەسۋىرىي ئۇبراز نۇسخىلىق گىلەملەر.

ئەجدادلىرىمىز گەرچە تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان تارىم ۋادىسىدا ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىن سىرتقا يۈزلىنىپ باشقا جايلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىغان. قەدىمدە «يىپەك يولى»دىن پايدىلىنىپ باشقا جايلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش جەھەتتىكى ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلگەن. بۇ يەرلەردىن ئالغان تەسىراتنى ھەرخىل شەكىلدە ئىپادىلەشنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان. شۇڭا بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدىن باشقا ئەللەرنىڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى بايقاش قىيىنغا توختىمايدىغان ئىشقا ئايلانغان. بۇلار ئەلۋەتتە خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى نۆۋەتتە توقۇلۇۋاتقان گىلەملەرگە مۇشۇكئېيىقنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرۈش ئەھۋالىدىن ئېنىق بىلىنىدۇ. گەرچە بىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىن قىممەتلىك ھايۋاناتلار بايلىقىغا مول زېمىن بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئارىسىدا مۇشۇكئېيىق دېگەن ھايۋاننىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. تارىخىي مەنبەلەردىمۇ بۇ ھەقتە ئۇچۇر يوق. بىز پەقەت ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن مۇشۇكئېيىقنىڭ ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، يۈننەن ۋە گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدە ياشايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ تاغلىق رايونلاردىكى قويۇق ئۆسكەن ئورمانلىقلاردا ياشاپ، بامبۇك يوپۇرمىقىنى ، نوتىسىنى يەپ ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى، سانىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىنى كۆرگەن. گەرچە بۇ ھايۋان بىزگە ناتونۇش ھايۋان بولسىمۇ لېكىن ماھىر گىلەمچىلەر مۇشۇكئېيىقنىڭ ئېقىن بويىدىكى ئورمان ئىچىدە بامبۇك يوپۇرمىقى يەۋاتقان ھالەتتىكى كۆرۈنۈشىنى گىلەم يۈزىدە ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

تۆتىنچى، ئادەم ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق مىللەتىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى، مەدەنىيەت بايلىقى ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ توقۇلغان گىلەملەر.

ئادەملەر ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇش سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيىتى. سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ئۇيغۇر گىلەمچىلىكىدە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. رېئال تۇرمۇشقا تەققاس قىلىپ ھەرخىل رەڭدە بويالغان يىپ ئۆرۈشلەردىن پايدىلىنىپ ئادەملەر ئوبرازىنى يارىتىش، يارىتىلغان ئادەملەر ئوبرازىنىڭ ئىرقى، جىنسى، مىللەت تەۋەلىكىنى، كىيىنىش ئالاھىدىلىكىنى، كەسپىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈش ئۇيغۇر گىلەمچىلىكىنىڭ تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا تۈرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە گىلەمچىلىك ھۈنەر ـ كەسىپ لايىھەلەشتىن تارتىپ توقۇشقىچە بولغان جەريانلاردا يۇقىرى ماھارەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئەمگەك. بۇنىڭ ئۈچۈن لايىھىلىگۈچىلەر ئوبرازىنى چۈشۈرمەكچى بولغان كەسىپ ۋە ئىش ھالقىلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بولۇشى كېرەك.

ئادەملەر ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن تەسۋىرىي ئوبراز گىلەملەر مۇنداق ئىككى خىل كۆرۈنۈشتە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ: (1) مىللىي تۇرمۇش خاسلىقىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان گىلەملەر؛ (2) دۇنياغا داڭلىق تارىخىي شەخسلەر ئوبرازىنى نامايان قىلىش يۈزىسىدىن توقۇلغان گىلەملەر. خەلقىمىزنىڭ مىللىي تۇرمۇش خاسلىقىنى، ئەنئەنىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ توقۇلغان گىلەملەر ئىچىدە تۆگە كارۋىنى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىلەملەر مەزمۇنىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئادەمنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇنداق گىلەملەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش، ئۇنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز تۇرمۇشىنى ئاۋۇندۇرغانلىقى

ۋە «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۆھپە قوشقان تارىخنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، كۆرگەن كىشىدە تارىخنى ئەسلەش، تارىخقا قايتىش، ئەجدادلارنىڭ قەدىم «يىپەك يولى»دا قالدۇرغان ئىزلىرىدىن بىلىشكە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر گىلەمچى ئۇستىلار نەزەرىنى خەلقىمىزنىڭ بۇ تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى ئىپادىلەشكە قارىتىشتىن چەتتە قالدۇرمىغان. ئۇلار تارىخقا، كارۋان توپىنىڭ ئەھۋالىغا ماس ھالدا بۇنداق تارىخىي مەنزىرىنى ئىپادىلەپ خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق يىللار ئىلگىرى شەكىللەندۈرگەن تۇرمۇش ئەنئەنىسىدىن ئۆلمەس، ئۆچمەس ئابىدە قالدۇرغان. بۇنداق گىلەملەردە مۇھىت، ئادەم، تۆگە كارۋىنى، قوڭغۇراق، تۆگە ئۈستىگە ئارتىلغان يۈك ئورگانىك گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان. يىراق تارىخنىڭ ئەينەن قىياپىتى ئەينەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. سالماق، ئۇمىدۋار كەيپىيات يارىتىلغان.

ئەمگەك قىلىۋاتقان ۋە بىر تاۋۇزنى بېشىغا ئېلىپ، بىر تاۋۇزنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن «تاۋۇزچى بوۋاي» ناملىق گىلەم، سۈت سېغىۋاتقان ئايال ۋە موزايلىق كالا ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن «سۈت سېغىش» ناملىق گىلەملەرمۇ تۇرمۇشىمىزدا شەكىللەنگەن ئەمگەكنى ئۇلۇغلاش، ئەمگەكنى سۆيۈش، مېھنەتتىن سۆيۈنۈش قارىشى ۋە ئەنئەنىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن گىلەم بايرىمىدا ۋە گىلەم زاۋۇتلىرىدا كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان نادىر ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ سەنئەتخۇمار ئالاھىدىلىكىنى، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇشتەك خۇسۇسىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ توقۇلغان گىلەملەرمۇ ئادەم ئوبرازىنى ياراتقان تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا گىلەملىرى ئىچىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، خەلقىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش جەريانىدا مول ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، بايلىقلىرىنى يارىتىش بىلەن بىرگە ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن ئىبارەت قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقنىمۇ ياراتقان. ناخشا ـ ئۇسسۇل بايلىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى، ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. ئەڭ مۇھىمى ئەجدادلىرىمىز ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ ئۆز تۇرمۇشلىرىنىڭ كۈي ـ ناخشا شەكلىدىكى يەكۈنى بولغان قىممەتلىك مىراس «ئون ئىككى مۇقام»نى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. 2006 ـ يىلى يىل بېشىدا «شەرق مۇزىكا سەنئىتىنىڭ گۈلتاجى»، «يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت»، «جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ خەلقىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تارىخىدا، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ خەلقىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك مىراسىنى بىلىش، چۈشىنىشىدە يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. مۇشۇنداق شارائىتتا خوتەندىكى ماھىر گىلەم توقۇش ئۇستىلىرى ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەھمەد سىزغان «مۇقام» ناملىق داڭلىق ماي بوياق رەسىمنى تەسۋىرىي ئوبراز گىلەم نۇسخىسىدا توقۇپ چىقتى. ئارقىدىنلا يەنە غازى ئەھمەد لايىھىلىگەن بىر ئەرنىڭ داپ تەڭكەش قىلىشى بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئايالنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن «داپ ئۇسسۇلى» ناملىق گىلەمنى، قۇملۇقتىكى دەريا بويىدا داپ، راۋاب چېلىپ ئېشەككە مىنىپ كېتىۋاتقان ئۈچ ئەرنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن «دەريا بويىدىكى مۇزىكا ئاۋازى» ناملىق گىلەملەرنى توقۇپ چىقتى. بۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى.

بەشىنچى، زامانىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ پورترېتىنى ئاساس قىلىپ ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىش يۈزىسىدىن توقۇلغان گىلەملەر.

بۇنداق گىلەملەر ئادەتتە ھەقىقىي ئوبراز نۇسخا گىلەملىرىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇنداق گىلەملەر چوڭقۇر دەۋر روھىغا، سىياسىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان مەشھۇر سىياسىيونلارنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش بۇ خىلدىكى گىلەملەرنى توقۇشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە خوتەن گىلەمچىلىك ئىشلىرى تارىخىدا ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق ئۈچ ئەۋلاد پرولېتارىيات داھىيلىرىنىڭ يېرىم باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىلەملەرنىڭ توقۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردە خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ پرولېتارىيات

داھىيلىرىغا بولغان ھۆرمىتى، سېغىنىشىنى ئىپادە قىلغانلىقى ئېنىق. ئادەتتە بۇنداق گىلەملەر كۆپ توقۇلمايدۇ. لېكىن يۇقىرى ماتېرىيال قىممىتى ۋە ساقلاش قىممىتى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر بولغان بولىدۇ.

ئالتىنچى، خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى، گۈللىنىشىنى ئارزۇ قىلغان ھېسسىياتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ توقۇلغان گىلەملەر.

ھەقىقىي ئوبراز نۇسخا گىلەملەرمۇ مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان نۇسخا بولۇپ، بۇنداق نۇسخىدىكى گىلەملەردە ئادەتتە داھىيلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلىش بىلەن بىرگە سىياسىي تۈسكە ئىگە سىمۋوللۇق قۇرۇلۇشلار، بەلگىلەر ئوبرازىمۇ يارىتىلىدۇ. 2008- يىلى ئۆتكۈزۈلگەن قاشتېشى مەدەنىيەت بايرىمى ۋە قولدا توقۇلغان خوتەن گىلىمى يەرمەنكىسىدە مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلغان گىلەملەر كۆرگەزمىگە قويۇلدى. يەنى دۇنياۋى مۆجىزە ھېسابلانغان سەددىچىن سېپىلىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەلپۈنىدىغان مۇقەددەس جاي تيەنئەنمېن مەيدانى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بەلگىسى، كۆپكۆك ئاسمان، لەپىلدەپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى خۇشال - خۇرام كىشىلەر توپى، مانا بۇ كۆرۈنۈشلەر بىر پارچە گىلەمدە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىقىنى، خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ گۈللەنگەنلىكىگە بولغان ئۈمىدىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

قىسقىسى، خوتەندە توقۇلغان مەنزىرە ۋە ئوبراز نۇسخا گىلەملىرى باشقا نۇسخىدىكى گىلەملەردىن پەرقلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تۇرمۇش ئەنئەنىسى، تۇرمۇش قارىشى، ياشاش مۇھىتى، تەبىئىي ۋە ئالەم قاراشلىرىنى مەنبە ۋە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ توقۇلغانلىقى ۋە مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. نۆۋەتتە بۇنداق گىلەملەرنىڭ تۈر، نۇسخا شەكىللىرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئىستېمال قىلىنىش دائىرىسى كېڭىيىۋاتىدۇ. ئىلگىرى، بۇنداق گىلەملەر پەقەت گىلەم زاۋۇتلىرىدا توقۇلۇپ زاۋۇتنىڭ ھۈنەر - تېخنىكا ئۇستۇنلۇكىنى، شۇ زاۋۇتتىكى گىلەم توقۇش ئۇستىلىرىنىڭ ماھارىتىنى، گىلەم لايىھىلەش ئۇستىلىرىنىڭ لايىھىلەش ماھارىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن زاۋۇتنىڭ كۆزنەك ئورنىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان نۇسخا بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرگە تەبىئەت گۈزەللىكىنى، ئەجدادلارنىڭ ھايات ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئەسلىتىدىغان سىمۋوللۇق مەدەنىيەت ۋە سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە تونۇلۇۋاتىدۇ. توقۇلۇش ھەجمى كىچىك بولسىمۇ لېكىن باھاسىنىڭ قىممەت بولۇشىغا قارىماي كىشىلەر تەرىپىدىن قىزغىنلىق بىلەن سېتىۋېلىنىپ ساقلىنىۋاتىدۇ. ھازىر ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلارنىڭ كۆزنەك ئورۇنلىرىدا، دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدا ۋە شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىدا بۇنداق گىلەملەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ ئەجدادلارنىڭ ھايات ئىزىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بۇنداق بۇيۇملارغا قارىتا قىزغىنلىقىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس. كۆز ئالدىمىزدا بۇنداق گىلەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر گىلەملىرىنىڭ نۇسخىلىرىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ۋە ئارقا كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش تەخىرسىز ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ماقالە مۇشۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشنىڭ جۈملىسىدىن، خالاس.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق كىتابنىڭ «يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك» ناملىق 4 - قىسمى.

(ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئەنستىتۇتىدا)

**بىلدۈرگۈ**

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ توپ تارقىتىش ئىشلىرىنى ئۈرۈمچى ئىزچىلار كىتابخانىسى بېجىرىدۇ. جايلاردىكى شەخسىي كىتابخانىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقىپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈرۈمچى ئىزچىلار كىتابخانىسىنىڭ ئادرېسى:

ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئۇدۇلىدا)

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 2850601 ـ 0991

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# «يامان بولىدۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار

ئەركىن سابىر

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**43. سەھەر تۇرمىسا**

— تۇرە بالام، — دېدى دادام بىر كۈنى مېنى سەھەردە ئويغىتىپ، — سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ، ئۆينىڭ ئىشلىرىغا ئەسقات مانداق.

— ۋاي - ۋۇي، مەن قىلغىدەك نېمە ئىش بارىتتى، ئادەمنى ئۇخلاتماي، — دېدىم مەن غۇدۇڭشۇپ.

— ھويلا - ئارامىلارنى سۈپۈرۈۋەت، كېچىچە غازاڭ چۈشۈپ ئەخلەت بولۇپ كېتىپتۇ.

— بىردەم ئۇخلىۋېلىپ ئاندىن قىلايچۇ.

مەن شۇنداق دەپ يوتقانغا قايتا پۈركىنىپ يېتىۋېدىم، مومام كىرىپ يوتقىنىمنى تارتىپ ئېچىۋەتتى.

— سەن قاچانغىچە مۇشۇنداق ھۇرۇنلۇق قىلىسەن، ئادەم سەھەر تۇرمىسا يامان بولىدۇ، تۇرە، بولمىسا بېشىڭغا سۇ قۇيىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى مومام.

مومام دېگىنىنى قىلاتتى، شۇڭا غۇدۇڭشىساممۇ نائىلاج ئورنۇمدىن تۇردۇم. شۇ كۈندىن تارتىپ ھويلا - ئارامىلارنى سۈپۈرۈش مېنىڭ ئىشىم بولۇپ قالدى. لېكىن ھەيران بولىدىغىنىم، ئۆزۈم تېتىكلىشىپ، كەچكىچە باشقا ئىشلارنىمۇ ئىزدەپ يۈرۈپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

— موما، ئادەم سەھەر تۇرمىسا قانداق يامان بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم بىر كۈنى مومامدىن. چۈنكى موما بۇ گەپنى خېلى ئۇزاقتىن بۇيان تەكرارلاپ كېلىۋاتاتتى.

— ئادەم كۈن ئۆرلەپ كەتكىچە ياتسا قان ئىچىدە ياتقاندەك بولىدۇ، — دېدى موما، — ئادەم قان ئىچىدە ياتسا بولمايدۇ، قان دېگەندىن ئۆلۈم پۇرىقى كېلىدۇ ...

مومامنىڭ بەزى گەپلىرى مۇشۇنداق ۋەھىمىلىك ئىدى. دادام بۇنى كېيىن باشقىچە چۈشەندۈردى.

— «يىلنىڭ ئىشى باھاردىن، كۈننىڭ ئىشى سەھەردىن» دېگەن گەپ بار، سەھەردە باشلىمىغان ئىشنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. ئاۋۇ سېلىماخۇنغا قارا، ئۇ ئۆي سېلىۋاتقىلى نەۋاخ، لېكىن ياز چىقاي دېدى، ئۆيى پۈتەي دېمەيدۇ. كۈن نەچچە گەز ئۆرلەپ كەت-

كىچە ئۇخلىغان ئادەمنىڭ ئىشىنىڭ بەرىكىتى بولامدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ يۇقىرىقى ئېچقتىن سۇ باشلاپ بىر ئازگال لاي ئەتكىچە چۈش بولدۇ، ئۇنىڭغا قارىشىپ بېرىۋاتقانلار ئۇنىڭ لېيى تەييار بولغىچە ئىشىمىزنى قىلىپ كېلەيلى دەپ تاراپ كېتىدۇ، ئۇلارنى قايتا يىغقىچە كەچ بولىدۇ. بۇ «يامان بولدۇ»نىڭ يامان بولىدىغان يېرى قىلغان ئىشىنىڭ بەرىكەت تاپماسلىقىدا. ئىشى بەرىكەت تاپمىغان ئادەمنى خارابچىلىق باسىدۇ، خارابچىلىق باسقان ئادەم خارۇزارلىق ئىچىدە ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. «موماڭنىڭ ئۆلۈم يۇرىقى كېلىدۇ» دېگىنىمۇ دەل مۇشۇ.

شۇ چاغدا كىچىكلىكىمدىن دادامنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە تازا يېتەلمىگەنىدىم، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندىلا بۇ «يامان بولدۇ»نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلدىم. موماڭنىڭ دېگىنىنىڭمۇ ۋەھىمە تۈسىنى ئالغان خۇراپىيلىق بولماي، بەلكى مەلۇم ئاساسى بار گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئادەمنىڭ سەھەردە زېھنى ئوچۇق بولىدۇ، زېھنى ئوچۇق چاغدا قىلغان ئىش ئەدىتلىق بولىدۇ، ئىدىتلىق قىلىنغان ئىشتىن چاتاق چىقمايدۇ، يەنى چۇۋالچاق بولمايدۇ. كونىلاردا: «ئىشىڭ ئىدىتلىق بولمىسا نەس باسىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. نەس باستى دېگەنلىك دادام ئېيتقاندەك، ئادەمنى خارابلىق باسقانلىقتۇر، شۇڭا ئادەمگە سەھەر تۇرۇشنى ئادەت قىلىش بەكمۇ مۇھىم.

**44. يولغا شاپاق تاشلىسا**

بىزنىڭ مەھەللىدە ئېزىز چولاق دەيدىغان بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقى بىلەن نامسىز بارمىقى يوق بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى «قوش چولاق»مۇ دەپ قوياتتى. چوڭلارنىڭ دېيىشىچە ئۇ ياش چاغلىرىدا تولىمۇ دىۋەڭ بولۇپ، قىلما دېگەن ئىشنى قىلىدىغان ۋە شۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى، پايدا - زىيىنىنى ئويلاشمايدىغان ئادەم ئىكەن.

— بىر يىلى ئورما ۋاقتىدا بىر نەچچىمىز قىردا ئولتۇرۇپ تاۋۇز يېدۇق. — دەپ ھېكايە قىلاتتى رىزاق بوۋاي، — ئارىمىزدا ئېزىزمۇ بار ئىدى، ئۇ تاۋۇزنى يەپ بولۇپ، شاپاقنى شۇ جايغا قويماي نېرىغا قارىتىپ ئاتتى.

— ھەي، نېمە قىلىق ئۇ؟ — دېدى ئارىمىزدىن قاسىمكام، — ئاتقان شاپىقىڭ يولغا چۈشتى، يولغا شاپاق تاشلىسا يامان بولىدۇ دېگەننى بىلمەمسەن؟ ماڭ بېرىپ ئېلىۋەت.

— ۋاي - ۋۇي، ھارغاندا بولدىلا، — دېدى ئېزىز قاسىمكامنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالماي. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ قايتا تەكىتلەنمىدى. ئۇ كەملەردە سەھەر تۇرۇپ ئەتىگەنلىك چايغىچە ئورما ئورۇيدىغان ئىشىمىز بار ئىدى، شۇڭا ئەتىسى يەرگە يورۇق چۈشمەستىلا بىر - بىرىمىزنى توۋلاپ ئېتىزغا ماڭدۇق. ئېتىزغا بارىدىغان بىر كىشىلىك يولدا ئېزىز ئالدىمىزدا كېتىپ باراتتى، بىر چاغدا ئۇ خۇددى جىن ئۇرغاندەك قوللىرىنى كېرىپ پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى.

— نېمە بولدۇڭۇي؟ — دېدۇق بىز ئۇنىڭغا يېتىشىپ كېلىپ.

— ۋاي قولۇم ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ. قارىساق ئۇ يىنچە يىقىلىپ، ئوڭ قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ قالغانىكەن. بىز ئۇنى يۆلىدۇق ۋە قولىدىن قان چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئەسلىدە ئۇ ئورغاقنىڭ بىسىغا تايىنىپ قالغانىكەن، ئىتتىك ئورغاق ئۇنىڭ ئىككى بارمىقىنى كېسىپ ساڭگىلىتىپ قويۇپتۇ. قالغان بارماقلىرىنىمۇ خېلىلا كېسىپتۇ. قاسىمكام دەرھال ئۇنىڭ ساڭگىلاپ قالغان ئىككى بارمىقىنى ئۈزۈپ ئېلىۋەتتى ۋە يۇمشاق ئوت دەيدىغان بىر ئوتنى يۇلۇپ كېلىپ ئېزىپ ئۇنىڭ قولىنى تېڭىپ قانىنى توختاتتى. كېيىن قارىساق ئېزىز ئۆزى تاشلىغان ھېلىقى شاپاققا دەسسىۋېلىپ تېيىلىپ يىقىلىپتۇ.

رىزاق بوۋاينىڭ بۇنداق ھېكايىلىرى كۆپ ئىدى، بىز ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ دائىم ھېكايە ئاڭلايتتۇق.

— يولغا شاپاق تاشلىسا راست يامان بولىدۇ دەپ ئاڭلايتتۇق، — دېدى رىزاق بوۋاي ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا، — لېكىن قانداق يامان بولىدىغانلىقىنى ئۇنداق ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگەن.

— ھېلىمۇ ئۆزى تاشلىغان شاپاققا ئۆزى دەسسەۋاپتۇ، باشقىلار دەسسىۋالغان بولسىچۇ قانداق بولاتتى؟ — دەپ سورىدۇق بىز.

— باشقىمىز دەسسىۋالساق قانداق بولۇشى مۇھىم

ئەمەس، ــ دېدى رىزاق بوۋاي، ــ شۇ چاغدا ئېرىزنىڭ يەيدىغان رىزقى تۈگىمىگەن ئىكەن، تەلىيىگە ئورغاق سەل ئېرىغا چۈشۈپتۇ، بولمىسا ئورغاقنىڭ ئۇچى بېقىنىغا كىرىپ، ئۈچەي - باغرىنى چۇۋۇۋېتەتتىكەن ...

رىزاق بوۋاينىڭ گەپلىرىدىن تەنلىرىمىز شۈركىنىپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مومام ماڭا يولغا شاپاق ۋە يەنە ھەرقانداق نەرسە تاشلىسا يامان بولىدۇ دەيتتى، لېكىن بۇنداق ئەمەلىي مىسالنى دەپ بەرمىگەنىدى.

**45. ئۆزىدىن كىچىكلەرنى، ياۋاشلارنى بوزەك قىلسا**

كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇش، يامان خۇيلارنى ئۆگەنمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە قىلىدۇ، لېكىن ئايرىم ئاتا - ئانىلار خەق بىلەن نوچىلىق تالىشىپ «بالام، ھېچكىمدىن قورقما، بىز بار» دەپ، بالىلىرىغا نوچىلىقنى ئۆگىتىدۇ، بۇنداق نوچىلىقنىڭ كېيىنكى زىيىنىنى ئويلاشقا كەم ئەقىللىق قىلسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

بىزنىڭ مەھەللىدىكى زوراخۇنكام دەل شۇنداق ئادەم ئىدى، ئۇ ئادەمنىڭ زوراخۇن دېگەن ئىسمىدىنلا ئۆزىنىڭمۇ لوكچەك ئادەملىكى چىقىپ تۇرىدۇ، پەرزىنتىچە بۇ خۇي ئۇ ئادەمگە ئاتا - بوۋىسىدىن ئۇدۇم بولسا كېرەك تاكى بالىسىغىمۇ شۇ خۇينى سىڭدۈرگەن. بالىسى كىچىكىدىنلا ئۆزىدىن كىچىكلەرنى، ياۋاشلارنى بوزەك قىلىشنى ئۆگەنگەن ۋە كېيىن - كېيىن ئۆزىدىن چوڭلارغىمۇ شىلتىڭ ئاتىدىغان بولغان، خەقتىن تاياق يېسە دادىسى يۈگۈرۈپ چىقاتتى، ئۇنىڭ ئىسمى باتۇر ئىدى، بىز ئۇنى ئانچە ئارىغا ئالمايتتۇق، شۇنىڭغىمۇ دادىسى ئۆكتە قوپۇپ:

ــ ھەممە جاھان سەن خەقنىڭمۇ، بالامنى نېمىشقا ئارىغا ئېلىشمايسەن!؟ ــ دەپ بىزگە ۋارقىرايتتى. بىر كۈنى ئاشۇ باتۇر ياسىن دەيدىغان بىر بالىنىڭ بىر بارمىقىنى قايرىپ سۇندۇرۇۋەتكەنىدى. ياسىننىڭ دادىسى ياۋاش ئادەم بولغاچقا زوراخۇن دېگەن ئۇ ئۇششۇقلارغا گەپ قىلالمىدى. شۇ چاغدا چوڭلار:

ــ زوراخۇن، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى، ياۋاشلارنى بوزەك قىلسا يامان بولىدۇ دەيدىغان گەپ بار، بالىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيلى، كېيىن باشقا بالا بولىدۇ، ــ دەپ نەسىھەت قىلغان ئىكەن، لېكىن ئۇ ئادەم ھېچكىمنىڭ نەسىھىتىنى ئىلىك ئالماپتۇ. باتۇر چوڭ بولغاندا لوكچەك بولۇپ چىقتى، تۈرمىلەرگە كىردى، زوراخۇنكامنىڭ بارلىق بىساتىنى سورۇپ چاچتى، زوراخۇنكام باتۇرنىڭ قىلغانلىرىغا چىدىيالماي ئىچى زەرداپ بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

بۇ يامان بولىدۇ نەتىجىسى شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى، مەن مەھەللىكىلەرنىڭ بەزى گەپلىرىدىن بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى باتۇرنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلاپ ئىچكىرىگە ئوقەت قىلىمەن دەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە بىر زەمبىل گۆش بولۇپ چىققانلىقىنى ئۇقتۇم، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا شۇ يەردىمۇ خەق بىلەن نوچىلىق تالاشقان ئوخشايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچەيلەن بىر بولۇپ ئۇرۇپ - دەسسەپ يېرىم جان قىلىپ قويۇپتۇ.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى، ياۋاشلارنى بوزەك قىلسا يامان بولىدۇ دېگەن ئىكەن. بەزى كىشىلەر بەزى «يامان بولىدۇ»لارغا گۇمان بىلەن قارايدۇ، «قېنى، ھېچ بولمىدىغۇ» دەيدىغانلارمۇ بار. لېكىن ئاتا - بوۋىلىرىمىز يامان بولمايدىغان ئىشلارنى ھەرگىز يامان بولىدۇ دېگەن ئەمەس، بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن، ئىشقىلىپ ھامان بىر كۈنى يامىنى بولىدۇ. باتۇر شۇ يېرىم جان بولغانچە، يۈزىگە قونغان چىۋىننى قورىغىدەكمۇ ماغدۇرى يوق، قىينىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. مانا بۇ «يامان بولىدۇ»نىڭ يامان بولغىنى!

**46. قېرى - چۆرىلەرنى قاقشاتسا**

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئېتىزغا كېتىۋېتىپ، مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئالمىخان موماينىڭ «ئىلاھىم، ئالمىلىرىمنىڭ شېخىنى يىرغان قوللىرىڭ سۇنۇپ كېتەر!» دەپ كىمنىدۇر قارغاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان قارىغۇچىسى يوق قالغان بۇ موماي كىچىككىنە بېغىنىڭ ئالمىلىرىنى سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. لېكىن مەھەللىنىڭ كەپسىز بالىلىرى بىچارە موماينى بەك قاقشىتاتتى. ئاتا - ئانىلىرى «قېرى - چۆرىلەرنى قاقشاتسا يامان بولىدۇ» دەپ بالىلىرىغا تەربىيە قىلمامدىكىن ياكى تەربىيە قىلسىمۇ بالىلىرى قۇلاقتا تۇتمامدىكىن، ئىشقىلىپ كېچە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىرى ئۇخلىماي ئوغرىلىق قىلىش ئۇلارغا ئويۇن ئىدى.

مەن بۇ ئىشنى ئېتىزغا بارغاندىن كېيىن باشقىلارغا دەپ بەردىم.

— كىم قاقشاتقاندۇ ئۇ موماينى؟! — دېيىشتى ھەمەيلەن. كەچتە ئېتىزدىن قايتىپ مەھەللىگە يېقىنلاپ كېلىشىمىزگە مەھەللە تەرەپتە بىردىنلا يىغا-زارە كۆتۈرۈلدى.

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟ — دەپ بىر-بىرىمىزدىن سوراشتۇق بىز. ئېنىقكى، شۇ تاپتا ھەممىمىزنىڭلا يۈرىكىمىز ئاغقاندەك بولغانىدى. مەھەللىگە كىرگەندىن كېيىن يىغىنىڭ ئىسمەتكاملارنىڭ ھويلىسىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. ئەسلىدە ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلى قەھرىمان بىر توپ بالىنى باشلاپ تاغىسىنىڭ ھويلىسىغا تامدىن ئارتىلىپ ئوغرىلىققا چۈشمەكچى بولغاندا تام ئېگىز بولغانلىقتىن يىقىلىپ كېتىپ جان ئۈزگەن ئىكەن. بەزىلەر تام ئۈستىدىكى كېسەك بېشىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ دەيدۇ، بەزىلەر يىقىلىپ چۈشكەندە پەستىكى جىگدە كۆتىكىگە بېشى قاتتىق تېگىپتۇ دەيدۇ. ئىشقىلىپ جاھانغا تېتىيدىغان بۇ بالا مۇشۇنداق تۈگەپ كەتتى، ئالمىخان موماينى ئەڭ كۆپ قاقشاتقانمۇ شۇ ئىدى.

— چوڭلارنى، بولۇپمۇ قېرى-چۆرىلەرنى قاقشاتسا بەك يامان بولىدۇ، — دەيتتى ئاپام كىچىك چاغلىرىمدا. مەن «قانداق يامان بولىدۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، بىر چەتتە ئولتۇرغان دادام:

— قېرى-چۆرىلەر يۈگۈرەلمەيدۇ، بالىلارنى قوغلاپ تۇتالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەلەمگە چىدىماي جايىدا تۇرۇپ قارغايدۇ. قېرى-چۆرىلەرنىڭ قارغىشى تەگكەن بالا بىر كۈنى بالا-قازاغا ئۇچرىماي قالمايدۇ، شۇڭا ئەلمىساقتىن تارتىپ بالا-قازاغا ئۇچرىغان بالىلارنى كىشىلەر بىرەر بوۋاي، مومايىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغانمىكىن دەپ قويىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

شۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ ئالمىخان مومايمۇ ئاغرىق بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، شۇ چاغدا كىشىلەردىن ئالمىخان موماي ھېلىقى قەھرىماننى «ئىلاھىم، بىر كۈنى تامدىن يىقىلىپ ئۆلەرسەن» دەپ قارغاپتىكەن دەپ ئاڭلىدىم. بۇ گەپ راستمۇ-يالغانمۇ، ئىشقىلىپ قېرى-چۆرىلەرنى قاقشاتسا يامان بولىدىغانلىقى ئېنىق. بولسا قېرى-چۆرىلەرنىڭ چامى يەتمىگەن ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ياخشى.

ياشانغانلارغا، ئاجىز، بىقۇۋۇللارغا قولدىن كەلسە ياردەم قىلغانىنىڭ ھېچبىر زىيىنى يوق، بىر كىشىگە ياخشىلىق ئىزدەش كىشىلىك ئەخلاقتىكى ئەقەللىي مىزان. قېرى-چۆرىلەرنى قاقشاتسا يامان بولىدىغانلىقىنىڭ يامىنى شۇكى ھەر بىرىمىز قىلىقتىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس. كۆپنى كۆرگەن كۈنلىرىمىزگە مېھمان بولۇپ قالغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇيااقتا تۇرسۇن، ئۇلارنى قاقشىتىش ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىيلىكىنى يەرگە ئۇرىدۇ، ئۇنداقلارنى ئەل ياقتۇرمايدۇ. ئەل ياقتۇرمىغاننى نەس باسىدۇ، بۇ يامان بولىدۇنىڭ يامان يېرى دەل مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك.

**47. ئۆزىدىن چوڭلارغا گەپ ياندۇرسا، قول ياندۇرسا**

— ۋاي-ۋاي-ۋاي، ئاۋۇ شەرىپىدىننىڭ ئوغلى ئوسمان نېمىدېگەن ھاكاۋۇر نېمە بولغان، — دېدى بىر كۈنى رىزاق بوۋاي بىزنى يېنىغا چاقىرىپ، — بۈگۈن مەھەللە تەرەپكە (كەنت بازىرى دېمەكچى) ئۆتكەنتىم، ئاشۇ ئوسمان ھېلىقى مىرزاخمەتكە قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ يۈرىدۇ. مىرزاخمەت ئۇنىڭغا نېمە دېگەنكىن، بىلمىدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇ دېگەن ئوسمانغا ئاكا يوللۇق ئەمەسمۇ!

— ئۇ بۇرۇندىنلا شۇنداققۇ، — دېدى ئارىمىزدىن ياسىن.

— ئۆزىدىن چوڭلارغا گەپ ياندۇرسا يامان بولىدۇ، شۇنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ئاغزىنى يىرتىش كېرەك. بۈگۈن ئۇ بەكلا ئاچچىقىمنى كەلتۈردى. «ھوي، بالامۇي، ئۆزىدىن چوڭلارغا گەپ ياندۇرسا يامان بولىدۇ دېگەننى بىلمەمسەن؟» دېدىم ئۇنىڭغا. شۇنچە قايناپ كەتكىدەك نېمە ئىش بولغانكىن «يولۇڭغا ماڭ» دەيدۇ مېنى، ماڭا گەپ ياندۇرغىدەك بولغىنى ئۈچۈن ھاسا بىلەن نەچچىنى سالدىم.

— ئوبدان قىپسەن، — دېدى ئارىمىزدىن يەنە بىرەيلەن، — ئۇ زادىلا ھارام تاياق يەپ باقمىغان، شۇڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ.

— ھاكاۋۇرلۇق قىلسا ئۆزىگە، بىر كۈنى بۇرنىغا يەيدۇ، نەدىن ئۆگەنگەن خۇي ئۇ؟!

رىزاق بوۋاي شۇنداق دەپ بىرمۇنچە قايىنىدى.

رىزاق بوۋاي توغرا ئېيتقان ئىكەن، ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئوسماننىڭ ئۆيىگە

2009

ئوت كەتتى. بۇ چاغدا ئوسمان ئوت ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان بولۇپ، قولۇم ـ قوشنىلار داس ـ چېلەكلەردە سۇ توشۇپ چېچىپ ئوتنى ئۆچۈرگەن بولسىمۇ، ئوسماننىڭ يۈزى، قولى ۋە يەنە بەدىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئوتشىمىغان دەرىجىدە كۆيۈپ ئېغىر يارىلانغانىدى. ئۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلدى، لېكىن قولى، يۈزى ۋە بېشىنىڭ بىر يان تەرىپى سەت تارتۇق بولۇپ ساقىيىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ سەت چىرايىدىن خىجىل بولۇپ كوچا ـ كويلارغا چىقماس بولۇۋالدى، ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇق قىلغىدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى.

ئەسلىدە مەھەللىدىكى چوڭلار ئوسمانغا:

ــ ھەي ئوسمان، ئاۋۇ شاخ ـ پاخاللىرىڭنى ئوچاقنىڭ مورىسىدىن نېرىراق ئاپىرىپ باس، مورىدىن ئۇچقۇن چىقىپ ئوت تۇتۇشۇپ كەتسە، ھەممە نېمەڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ، ــ دەپ نەسىھەت قىلسا، ئوسمان بۇ گەپكە خاپا بولۇپ:

ــ ئەجەب شۇم ئېغىز خەقكەنسىلەر، مېنىڭ نەگە بېسىشىم بىلەن نېمە چاتىقىڭلار! ــ دەپ گەپ ياندۇرغانىكەن.

يەنە بىر مەھەللىدە ئېغىل ـ قوتانلىرىدا كالا ـ قويلىرى، يانچۇقىدا پۇلى بار ئەلدىن ئىسىملىك بىرى ھاكاۋۇرلىشىپ ئۆزىدىن يېشى خېلى چوڭلارنىڭمۇ ئىسمىنى ئاتايدىغان بولۇۋالغانىكەن. كېيىن خەق ئۇنى يامان كۆرۈپ ئارىغا ئالماس بولۇپ قاپتۇ، بىر قىشلىقى ئەلدىن ماللىرىغا شاخ سېلىپ بەرمەكچى بولۇپ ئۆگزىگە ياماشقاندا يېقىلىپ كېتىپ پۇتى سۇنغان ئىكەن، شۇ چاغدا ئۇنى ھېچكىممۇ يوقلاپ كىرمەپتۇ. بۇ ئىشنى ئېغىر ئىچىگە ئالغانمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇ قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ ۋە كالا ـ قويلىرىنى سېتىپ داۋالىنىپ ئاران ساقىيىپتۇ، ئۇنىڭ چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇقىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگەپتۇ.

مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانىدا ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلارنى يامان كۆرىدىغان قائىدە بار. ئۇنداق ئادەملەر جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، گېپى ئىلىك ئېلىنمايدۇ، قاتاردىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئادەم مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياكى باشقا جەھەتتىن بولسۇن ھېچكىمگە موھتاج بولمايمەن دېيەلمەيدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئادەم ئۆلسە تۆت ئادەم ئەپچىقىپ كۆمىدۇ. ئادەم ياخشى بولسا ھەركىم ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ، يامانلاردىن، بولۇپمۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلاردىن ھەركىم قاچىدۇ. ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشمۇ ھاكاۋۇرلۇق، ئۇلارغا گەپ ياندۇرۇش، قول ياندۇرۇش تېخىمۇ ھاكاۋۇرلۇق. ھاكاۋۇرلۇق كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئاغرىتىدۇ، كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئاغرىتقان ئادەم بىر كۈنلىرى پالاكەتكە ئۇچرايدۇ، ئوسمان ۋە ھېلىقى ئەلدىن ھاكاۋۇرلۇق قىلمىغان بولسا ئاشۇنداق يامان كۈنگە قالماس بولغىيتتى.

«ئۆزۈڭدىن بىر ياش چوڭ كىشى ئاكا، ھەدە (ئاچا) بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ئاكا ياكى ھەدە (ئاچا) دەپ ئۆتكىن، ھۆرمىتىنى قىل، ئىززەت تاپىسەن» دەپ تەربىيە قىلىدۇ چوڭلار. «ھەي، سەن ئۇنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرەتكەنمۇ ؟!» دەيدىغان تەنبىھمۇ بار. بۇ گەپلەر بىكاردىنلا پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئۆزىدىن بىر ياش چوڭلارنىڭلا ئەمەس، ھەتتا ئون ياش چوڭلارنىڭمۇ ئىسمىنى ئاتايدىغان «ھاكاۋۇرلار» مەۋجۇت. ئۇلارنى كۆرەڭلەتكەن ئەمەل ـ تاج، مال ـ دۇنيا ياكى ئىمتىياز ئادىمىيلىك قىممىتىگە تارازا بولارمۇ؟

(ئاپتور: «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2008 ـ يىللىق سانلىرىدىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017



# تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كاڭچىلىق مەدەنىيىتى

راجىە ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، زەيتۇنگۈل ئابدۇراخمان

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىخي تەرەققىيات جەرياندا، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، مول مەزمۇنغا ئىگە، ئۆزىگە خاس بولغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتتى ھەم نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇردى، جۈملىدىن كاڭ مەدەنىيىتىمۇ بۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بىناكارلىق جەھەتتە ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇزاق تارىخي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن ۋە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ كاڭ مەدەنىيىتىمۇ، ئەنە شۇ ئۇزاق تارىخي دەۋرلەر داۋامىدا، ئۇيغۇرلار ئۆزگىچە مىللىي سەنئەت ئېڭى ۋە جۇغراپىيىلىك تەبىئىي شارائىتقا ۋە مۇھىتقا ئاساسەن ياراتقان بىناكارلىق مەدەنىيىتى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك قارىشى، مەدەنىيەت تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىق خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈشى بولۇپ، بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەۋىيىسى بىلەن تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كاڭنى ئىختىرا قىلىش تارىخى رېئال تۇرمۇشتىكى قايتا ـ قايتا ئىزدىنىش، ئۆزگەرتىش جەريانى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىنى ئەڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق پائالىيىتىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. چۈنكى يىراق قەدىمكى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا ئۆزى ياساپ كەلگەن مۇقىم تۇرالغۇسىدىن بەك يىراقلاپ كېتىپ قالسا، كەچلىكى ئۆزىگە يات بولغان سىرت جايلاردا، ئورمان دالىلاردا تۈنەشكە توغرا كېلەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇلار ئورمانلىقلاردا شاخ ـ شۇمبىلارنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆمۈپ يېتىپ، ئۈستىگە ئوۋلىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى يېپىنىپ سوغۇقتىن دالدىلىنىشقا ئادەتلەنگەن. مانا بۇ رېئال ئوۋچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدا ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ھالەتتىكى كاڭنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېپىشقاق

سىغىز توپىنىڭ قاتلىمى قىلىن، بۇنداق تەبىئىي شارائىت بىناكارلىق مىمارچىلىق ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلىغان، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئەۋزەللىكلەرنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈرەش قىلىش، تەبىئەتنى چۈشىنىش جەريانىدا بىلىپ يېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرى جەريانىدا، كاڭدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئىسسىنىش سىستېمىسىنى ئىجاد قىلغان، كاڭ قىش پەسلىدە سوغۇقتىن ساقلىنىش، سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش، قىش پەسلىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئائىلىلەردە ھۇجرا - ياتاق ئۆيلەرگە لاي كېسەك بىلەن ياسىلىدىغان مىمارچىلىق قۇرۇلمىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كاڭدىن ئىبارەت بۇ ئىسسىنىش سىستېمىسىنى ئىجاد قىلغانلىقى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، تۇرپان رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تازىلاش جەريانىدا نۇرغۇن قەدىمكى كاڭلار بايقالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردىكى كاڭچىلىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ھەم قەدىمكى دەۋرلەردىلا بەلگىلىك قۇرۇلۇش مىمارچىلىقىدىكى مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قۇجۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئىچىدىكى چوڭ كاتتا بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىر ئېغىز راھىبلار تۇرالغۇسىدا ئىنتايىن مۇكەممەل ساقلانغان بىر كاڭ ئىزناسى بايقالغان بولۇپ، بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ كاڭدىن ئىبارەت بۇ ئىسسىنىش سىستېمىسى تارىخىنى چۈشىنىشنىڭ ھەقىقىي پاكىتى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كاڭ بايقالغان ئۆينىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 305cm، ئۇزۇنلۇقى 905cm، كەڭلىكى 260cm، ئۆينىڭ تۆرىسىگە كاڭ قۇرۇلغان بولۇپ، كاڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 445cm، ئومۇمىي كاڭنىڭ كەڭلىكى 260cm، ئوت ماڭغان يېرىم كاڭ قىسمىنىڭ كەڭلىكى 160cm، كاڭنىڭ ئېگىزلىكى 35cm كېلىدۇ. كاڭ سىغىز لايدىن قۇيۇلغان كېسەك بىلەن ياسالغان بولۇپ، كاڭغا ئىشلىتىلگەن كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 38cm × 26 × 12 كېلىدۇ. كاڭنىڭ ئۈستىمۇ مۇشۇ ئۆلچەمدىكى كېسەك بىلەن تېپىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى ھازىر ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلگەن 72TAM215 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ئىچىدىكى بۇ ∩ خىل شەكلى ئۆزگىچە بولغان جەسەت قويۇشقا ئىشلەتكەن قولايلىق كاڭ، بۇ كاڭنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەندىكىدەك:

ئومۇمىي كەڭلىكى a: 350cm

ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى b: 300cm

ئارلىق ئۇزۇنلۇقى c: 145cm

ئارلىق كەڭلىكى d: 210cm

سىرتقى ئارلىق كەڭلىكى e: 100cm

ئاستانە قەبرىستانلىقىدا بۇنداق تەتۈر 11 شەكىللىك كاڭلاردىن (سۇپىلاردىن) نۇرغۇنلىرى بايقالدى، بۇ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۇ ئالەمگە بارغاندىمۇ ھازىرقى تۇرمۇشتەكىگە ئوخشاش كاڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن بولغان، بۇنىڭدىن كاڭچىلىقنىڭ قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىغا نەقەدەر چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى ئەمەلدارلار مەھكەمىسى خارابىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئىچىدىمۇ مۇكەممەل ساقلانغان كاڭ ئۇچرايدۇ، شەرق تەرەپتىكى پەلەمپەيدىن چۈشكەندىن كېيىن، شىمال تەرەپتىكى كېمىر ئۆيدە كاڭنىڭ ئۈستى قىسمى توپا بىلەن تىندۇرۇلۇپ، لاي بىلەن سۇۋۇۋېتىلگەن. شەكلى ھازىرقى ھويلا - ئاراملارغا قۇرۇلىدىغان سۇپىغا ئوخشاش. بۇ ئۆينىڭ ئېگىزلىكى 330cm: كەڭلىكى 255cm. ئۇزۇنلۇقى 940cm، ئۆي ئىچىگە قۇرۇلغان كاڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 240cm، كەڭلىكى 270cm، ئېگىزلىكى 35cm.

تۇرپاندا نۆۋەتتە يېزا - قىشلاقلاردا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان كاڭلار تۇرپاننىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ھاۋا كىلىماتىغا ئاساسەن قۇرۇلغان شەكلى بولۇپ، بۇ كاڭلارنى ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى قىشلىق كاڭ. قىشلىق كاڭ ئادەتتە قىشتا پايدىلىنىشقا ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا ئۆينىڭ ئىچىگە سېلىنىدۇ، كاڭنىڭ ئاستىغا ئوت قالىنىدۇ، قىشلىق كاڭ ئىسسىنىش دائىرىسى ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى پۈتۈن كاڭ، بۇنىڭدا كاڭنىڭ تېگىنىڭ ھەممە جايىدىن ئىس ماڭىدىغان قىلىپ ياسىلىپ، كاڭنىڭ ھەممە جايى ئىسسىتىلىدۇ. يەنە بىر خىلى يېرىم كاڭ بولۇپ، بۇنىڭدا كاڭنىڭ يېرىمى ئىس ماڭىدىغان قىلىپ ياسىلىپ، قالغان

يېرىمى توپا بىلەن تىندۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىس ماڭغان قىسمى ئىسسىپ قالغان توپا بىلەن تىندۇرۇۋېتىلگەن قىسمى ئىسسىتىلمايدۇ، (بۇ خىل ئەھۋال كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ). قىشلىق كاڭنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئەگەر ئۆينىڭ كۆلىمى چوڭ بولسا چوڭ بولىدۇ، كىچىك بولسا كىچىك بولىدۇ،

ئىككىنچى يازلىق كاڭ (سۇپا) بولۇپ، يازدا ئارام ئېلىش، سەگدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا ھويلا - ئارامىلارنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تال - باراڭلارنىڭ ئاستىغا ياكى دەل - دەرەخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان جايلىرىغا، ئۆستەڭ بويىدىكى ئۈجمە سايىلىرىغا ياسىلىدۇ.

كاڭ قۇرۇشتا ئالدى بىلەن كاڭنىڭ ئاستى يۈزى تەكشىلىنىدۇ. تەكشىلەشتە تۈرخۈن تەرەپكە قاراپ كاڭ يولى سەل ئېگىز، ئوچاق تەرەپ تەكشى ھەم سەل پەس بولۇپ، كۆپ پەرقلەنمەيدىغان يانتۇلۇق شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ شەكىل ئىسسىق ھاۋانىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ تەكشىلىك كاڭ يولىدا ئىسنىڭ راۋان يۈرۈشى ئۈچۈن ياخشى رول ئوينايدۇ. ئەگەر ئىس ياخشى يۈرۈشمىسە ئوچاقتىن ئىس يېنىپ، كاڭنىڭ ئىسسىشىغا ئىس سوقۇش، ئىس بوغۇشتەك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا كاڭدىن ئىس يانمايدىغان قىلىش ئۈچۈن كاڭنىڭ ئاساسىنى ياخشى لايىھىلەش كېرەك. كاڭنىڭ ئاساسى تەييار بولغاندىن كېيىن ئىككى كېسەكنى تۇۋرۇك قىلىپ، ھەر بىر جۈپ قىلىنغان كېسەكنىڭ تۆت بۇرجىكىگە لاي سېلىنىپ كېسەك يېپىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىسنىڭ مېڭىش يولى ياسىلىدۇ، ئىسنىڭ مېڭىش يولى ئۆتۈشمە شەكىلدە كېسەك (ھازىر كاڭمازا) يېپىلىدۇ (كاڭمازا كۋادرات شەكىلدە بولۇپ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىردىن بولىدۇ. كاڭمازىنىڭ قېلىنلىقى 10 - 15 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ). بۇنداق بولغاندا كۆپ مىقداردىكى ئىسسىقلىقنى كاڭدا قالدۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كاڭ تېخىمۇ ئىسسىق بولىدۇ. ئىسسىقلىق تارقاش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. كاڭنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ئۈستىنى ياپقان كېسەك ياكى كاڭمازىنىڭ ئۈستى لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. ئادەتتە كاڭنىڭ ئېگىزلىكى 50cm - 60cm غىچە بولىدۇ. كاڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئوچاق سېلىنىدۇ، ئوچاق ئارقىلىق ئۆينى ئىسسىتقىلى ھەم تاماق ئەتكىلى بولىدۇ.

بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئۆينىڭ شارائىتىغا قاراپ ئوچاقنى كاڭنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئوچاقتىن ئىس يېنىش ۋە ئوچاقتىن ئىس يېنىپ كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ تامامەن ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقى ئۆزگىچە قۇرغاق چۆل ئىقلىمىغا ئىگە بولۇپ يازدا قاتتىق ئىسسىق ھەم قۇرغاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. 6 - ئايدىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە تېمپېراتۇرا 40℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 47.6℃، يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 75℃ تىن ئاشىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2872.3 مىللىمېتىر بولۇپ، يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى 16 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، يىللىق كۈننىڭ تىك چۈشۈش ۋاقتى 3056 سائەت بولىدۇ. تۇرپاننىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي مۇھىتى سەۋەبلىك كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈندۈزى قاتتىق ئىسسىق، كېچىسى سالقىن، شۇڭلاشقا تۇرپان بوستانلىقىدا ياشايدىغان كىشىلەر ھويلا - ئارامىلاردىكى سۇپىلاردا، ئۆگزىلەردە ئارام ئېلىشقا ئادەتلەنگەن.

بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كاڭچىلىقمۇ بىناكارلىق ئىشلىرىدىكى بىر خىل مۇھىم مەدەنىيەت ئەندىزىسى سۈپىتىدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. كاڭلار مەيلى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ياسىلىش جەھەتتە بولسۇن يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بولۇپمۇ زىننەتلەش جەھەتلەردە بارغانچە مۇكەممەللەشتى. ھازىر تۇرپان رايونىدىكى نۇرغۇن دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى باشقا ئىشلەمچىلەرگە سالدۇرسىمۇ، كاڭنى ئائىلە كىشىلىرى ئۆز قولى بىلەن سالىدۇ، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا كاڭ قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇرپاندا كاڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سۈپىتىدە ساياھەتچىلىك كەسپىگە كىرىپ كەلدى ھەم ئۆزىنىڭ رولىنى ناھايىتى ياخشى

009

جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر دېھقان ھويلىلىرىغا، ئىشىك ئالدىلىرىغا يازلىق كاڭ (سۇپا) سېلىنغاندىن باشقا، ساياھەتچى مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان نۇرغۇن يازلىق ئارامگاھلارغىمۇ قاتار كەتكەن سۇپىلار سېلىنىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ تاماق يەيدىغان، ئارام ئالىدىغان ياخشى سورۇنىغا ئايلاندى ھەمدە كاڭ مەشرىپى دەپ ئاتىلىدىغان مەشرەپلەر بارلىققا كېلىپ، يېڭىچە مەدەنىيەت شەكىللىنىپ، كاڭمۇ ساياھەتچىلىكتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىدىغان مۇھىم بىر ئامىلغا ئايلاندى.

داڭلىق ساياھەت مەنزىلگاھى بۈيلۈقتىكى بىر دېھقان ھويلىسىغا سېلىنغان بىر سۇپا بولۇپ، بۇ سۇپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10m، كەڭلىكى 6m، ئېگىزلىكى 60cm بولۇپ، بۇ سۇپا ساياھەتچى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىكەن.

تېببىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كاڭنىڭ ئىسسىنىش رولىدىن باشقا ئاستا خاراكتېرلىك بوغۇم ياللۇغى، رېماتىزم خاراكتېرلىك بوغۇم ياللۇغى، ئۈششۈك، يېنىك دەرىجىدىكى ئىششىق كېسەللىكلىرىگە قارىتا ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە ئىكەن.

قىشلىق كاڭلار ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ زامانىۋىلىققا، تېجەشچانلىققا ئىگە بىر خىل ئاسما كاڭلار بارلىققا كەلدى. شىمالدىكى بىر قەدەر سوغۇق بولىدىغان قېرىنداش ئۆلكە شەھەرلەردە بۇ خىل كاڭ بارلىققا كەلدى. ئاۋۋال كاڭنى سېلىشتىن ئىلگىرى يەرنى تەكشى سىلىق سىپاپ، ئاندىن خىشتا بىر نەچچە يوللۇق تۆۋرۈك خىشنى قوپۇرۇپ چىقىپ، ئۈستىگە كاڭمازا يېپىپ، ئۇنى تەكشى سۇۋۇۋېتىپ، بۇ بوشلۇققا بىر نەچچە ئىس يولى قويۇپ، ئىككى ئۇچىنى بوش قالدۇرۇپ، ئىس يوللىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدۇ. ئۈستىنى يەنە كاڭمازا بىلەن يېپىپ، لاي بىلەن سىپاپ سىلىق قىلىپ ياسىلىدۇ. كاڭنىڭ ئاستى يەردىن كۆتۈرۈۋېتىلىپ، ئىسسىقلىقنى كاڭنىڭ ئاستى ئۈستىدىن تارقىتىپ ئۆي ئىچىمۇ ئىسسىق بولىدۇ. ئىس مېڭىش يولى چوڭ. ئۆتۈشمە شەكىلدە بولغاچقا ئىس يانمايدۇ ھەمدە يەتتە - سەككىز يىلغىچە ئىچى قۇرۇم بىلەن توشۇپ كەتمەيدۇ. تام بىلەن كاڭنىڭ ئۇچراشقان قىسمىغا بوشلۇق قالدۇرۇلۇپ، بۇ بوشلۇققا كۆل قويۇلۇپ تامدىكى سوغۇقنىڭ كاڭغا ئۆتۈشىنى توسىدۇ. بۇ كاڭ ئېنېرگىيە تېجەش تىپىدىكى كاڭ بولۇپ، ئاز يېقىلغۇ بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك ئىسسىتىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

زامانىمىزدا، تېبابەتچىلىك ساھەسىدە كاڭ ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، زامانىۋى كارىۋات كاڭلار ياسالدى، بۇ كارىۋات كاڭنىڭ مىللىي تېبابەتچىلىكتىكى رولى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، ئادەملەردىكى بوغۇم ياللۇغى، بەل - پۇت ئاغرىقى، سوغۇق ئېشىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللەرنى ئۈنۈملۈك داۋالىيالايدۇ (ھازىر تېلېۋىزوردا كەڭ تەشۋىق قىلىنىۋاتىدۇ).

قىسقىسى ناھايىتى ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەكرار - تەكرار تەجرىبىلىرىنىڭ مېۋىسى ھەم ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى - كاڭ، تۇرپان رايونىدا يەنىلا داۋاملىق ئىشلىتىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە، كاڭ مەدەنىيىتى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ھەرگىزمۇ ئىستېمالدىن قالمايدۇ.

ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كاڭچىلىق مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى يورۇتۇپ بەرگەن، تەتقىق قىلغان بىرەر ئىلمىي ئەسەر يوق دېيەرلىك بولۇپ، كاڭ توغرۇلۇق پەقەت «سىۋېن ھېدىن 19 - ئەسىردە كۆرگەن كروراندىكى ئەشىكلىرى، كاڭلىرى، ئوچاقلىرى ساقلىنىپ قالغان قاتار ئۆيلەر» («يېڭى تاڭنامە گاۋلى تەزكىرىسىدە» قىش ئايلىرىدا ئۇزۇن كاڭ ياساپ، تەكتىگە ئوت قالاپ ئىسسىنىدۇ)، دەپ خاتىرىلەنگەن بەزى تارىخىي خاتىرىلەر بار. بۇنىڭدىن كېيىن كاڭ مەدەنىيىتىنىڭ يەنىمۇ تەتقىق قىلىنىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ ئۆچمەس ئابىدە بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

پېتىر خوپكىرك «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 1997 - يىل 3 - ، 4 - سان، 167 - بەت.

(راجىد ئابدۇرېشىت ئىبراھىم: تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەردىن ئىشلىرى كومىتېتىدا)

(زەيتۇنگۈل ئابدۇراخمان: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدا)

www.uyghurkitap.com

# چاقچاق بىلەن ئۆتكەن ھايات



ئابدۇرۇسۇل سېيىت

ماھبەدەر ئىبراھىم كىم؟ ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىدە ئۇنۇۋېرسال ساپا ھازىرلىغان مۇكەممەل بىر سەنئەتچى، ئاندىن قالسا كۆپكە تونۇلغان خەلق قىزىقچىسى، ئاياللىرىمىز ئارىسىدىن چىققان ئاغزىدا قىلچى بار چاقچاقچى. بىز ئۇنىڭ ئاكتىيورلۇق كەسپى بويىچە سەھنە ۋە ئېكرانلاردا ياراتقان ئاجايىپ ئوبرازلىرى، ناخشا-مۇزىكا ئىجادىيىتىدىكى تۆھپىسى، ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى ئەمگەكلىرى بىلەن قوشۇپ، كۈلكە-چاقچاق ئىچىدە ئۆتكەن يۇمۇرىستىك ھاياتىنى سۆيۈملۈك كىتابخانلىرىمىزغا سۆزلەپ بېرىمىز. بىز ماھبەدەر ئىبراھىملارنىڭ ئائىلە تەزكىرىسىدىن سەنئەتكە ياتىدىغان خۇرۇچلارنى تاپىمىز دېسەك، بىھۇدە ئاۋارە بولغىنىمىز قالىدۇ. ئۇنىڭ ئانا تەرەپ جەمەتى قازاقىستاننىڭ ئالمۇئاتا چېلەك رايونىغا، ئاتا تەرەپ جەمەتى ئۆز زامانىسىدىكى قومۇل ۋاڭ ئوردىسىغا تۇتۇشۇپ كېتىدۇ. ماھبەدەر ئىبراھىم مانا شۇ قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئوردا ئىشلىرى پۈتۈكچىسى (كاتىپ) بولغان ئىبراھىم ئوغلى داۋۇت موللامنىڭ ئونىنچى بالىسى، قىزلارنىڭ بەشىنچىسى. كىچىكىدىن ئوقۇغان داۋۇت موللام شۇ زامانلاردا شىنجاڭدىكى داڭلىق ئۈچ تىلماچنىڭ بىرى دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ قانات-قۇيرۇقى قانداق بولۇپ غۇلجا بىلەن چېلەك تەرەپلەرگە باغلىنىپ قالىدۇ؟

بىز ئىبراھىم ھاجىمنىڭ زامانىمىزدىكى ئوقۇمۇشلۇق چەۋرىلىرى تەرىپىدىن رەتلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان جەمەت تەزكىرىسىگە قارىساق، ھەق-ناھەق تۈيغۇسى ئۈستۈن داۋۇت موللامنىڭ ئوردىدىكى گاھىبىر ئىشلارنى كۆڭلى كۆتۈرمەي، چاپانىنى دولىسىغا سېلىپ، ياقا-يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇ دەسلەپ ئاقسۇغا كېلىپ بىر مەزگىل تۇرغان، ئاقسۇدىكى مەزگىلدە سودا-تىجارەت ئىشلىرى بىلەن غۇلجىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشكەن ھۈسەنباي ھاجىم بىلەن تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە تونۇشۇپ قالغان. ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئاش-تاماق ئورنىدا قەدىرلەيدىغان ھۈسەنباي ھاجىم بۇ سەرگەردان تىلماچنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ۋە ئۆتمۈشىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئۇنى سودا كارۋانلىرى بىلەن بىللە غۇلجىغا قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ كۆن خۇرۇم زاۋۇتىغا ئېلىپ قالغان. بۇ ئۇنىڭ تېخى ئۆيلەنمىگەن، قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلىك چاغلىرى ئىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كىشىنىڭ نامى ئىلى شەھەرگە يامۇلى بىلەن دوتەي يامۇلىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا پۈتۈنلەي پوپۇش، ئۈستىگە يەكتەك،

بېشىغا شلەپە كىيىپ، قولىدا زاكۇن تايىقىنى تۇيىنىتىپ، دەرىجە پەرقى بويىچە ئاجرىتىپ بەرگەن تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ، ئېلى شەڭگەن ياموۇلىنىڭ خاس تىلماچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشمۇ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ داۋانلىق يوللىرىدىكى قىسمەتلەرگە ئەلۋەك كەچمىشلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدۇ.

— دادام رەھمەتلىك، — دەيدۇ ماھبەدەر ئىبراھىم، — كوچىدىكى يېتىمچىنى كۆرسە چاپىنىنى سېلىپ بېرىشكە ئالدىراپ كېتىدىغان، ئۆمرىدە مال-دۇنيانى دوست تۇتۇپ باقمىغان ئادەم ئىدى. بىر قېتىم مۇسابايوفلار دادامغا: «1000 قويىنىڭ تۆلىنى سىلىگە ئاتاپ قويدۇق، ئۇچەرۋازىدىن خالىغان يەرلىرىنى كۆرسىتىپ، خالىغانچە چامدىۋالسىلا، ناملىرىدا قورۇلۇق جاي پۈتۈپ، ئۆي سېلىپ بېرەيلى» دېسە ئۇنىمىغانىكەن.

باغداش بويلىرىدىن تەكلىماكان قىرغاقلىرىغىچە، تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىن ئابرال ئېتەكلىرىگىچە، ئابرال ئېتەكلىرىدىن مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگىچە بولغان مۇساپىلەرنى بېسىپ، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن بۇ زاتكېرەم، جاھان غوۋغالىرىدىن خالىيراق يېزا مۇھىتىدا خاتىرجەم ياشاشنى ئىزدەپ قالدىمۇ، ئويما باي توقاينىڭ كۆزلەك دېگەن يېرىدىن 70 مو باغلىق جاي سېتىۋېلىپ شۇ يەرگە چىقىپ كەتتى. ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتىدىغان بۇ باغ ئاجايىپ گۈزەل، ماھبەدەر ئىبراھىم مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ھارپا كۈنلىرى كۆزلەكتىكى مانا شۇ يەردە تۇغۇلدى. ئۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلارنى غۇلجا شەھىرىدىكى خانىقا، ھەرەمباغ، ئۆمىد مەكتەپلىرىدە ئوقۇدى. تۇرقى قونچاقتەك، گېپى چاقماقتەك بۇ قىزنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، گەپ-سۆزلىرىدىن بالىلارغا خاس بىر خىل قويۇق يۇمۇرىستىك ئالامەتلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مەكتەپ ئاممىۋى سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ناخشا، ئۇسسۇل ئوينىغان چاغدىكى شوخ، تەبىئىي، مەردانە قىياپىتى ۋە ئاھاڭدىكى ئۆزگىچە پۇراق كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ماھبەدەر ئىبراھىم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئېلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالدى. 1958-يىلىنىڭ كانىكول ئايلىرىدا ئەمدىلا 14 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ماھبەدەر ئىبراھىم شتات ئىچىدىكى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئەتىۋارلىق بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىپ، ئۆمۈرلۈك سەنئەت ھاياتىغا قەدەم قويدى. ئۇ چاغلاردىكى سەنئەت ئۆمەك ئىلىدىكى مەشھۇر سەنئەتچى، قىزىقچى، چاقچاقچىلار توپلانغان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەمنى كۆلكە بىلەن ئۆلتۈرۈپ چىدايدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ماڭغان-تۇرغان، ئولتۇرغان-قوپقىنى قىزىقچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئېلى سەھنىلىرى، ئەلنەغمە سورۇنلىرى ئۇلارسىز قىزىمايتتى. بۇ خىل ئەۋزەل مۇھىت ماھبەدەر ئىبراھىمنىڭ ھەر جەھەتتىن تاۋلىنىشى، پىشىپ يېتىلىشىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. چاقچاقچىلىقتىكى ئىنكاس ۋە تەپەككۇر قۇرامىغا يەتمىگەن بۇ قىزنىڭ يېشىدىن ھالقىپ كەتتى. بۇ خىل ھالقىش ئۇنىڭ تۈز، ساددا، كۆلگۈنچەك مىجەزى بىلەن قوشۇلۇپ، خانىم-قىزلىرىمىز ئارىسىدىكى يېڭى بىر كۆلكە چولپىنىنىڭ سالاھىيەت ۋە ئوبرازىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەردى. بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا ياتىدىغان كىچىككىنە بىر ئىشنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەيمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1959-يىلى سەنئەت ساھەسىدىن مەخسۇس ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، فۇجيەن ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتمەكچى بولدى. شۇ يىلى 3-ئايدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كەلگەن كەسپىي سەنئەتچىلەر ئۈرۈمچىگە يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ ماھبەدەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار بىر ئايلىق رېپېتىتسىيىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىش تەييارلىقىغا چۈشتى. ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدا ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالىدا بىر ئاز ساقلاپ قالدى. ماھبەدەر ئىبراھىم شۇ پۇرسەتتە يىراقتىن كەلگەن سەنئەتچىلەر بىلەن بىر قۇر تونۇشۇپ چىقتى. ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك، ئېغىزىدىن ئانىسىنىڭ ئۇغۇز سۈتى پۇراپ تۇرغان بۇ قىزغا قانداقتۇر تونۇشتۇرغۇچى لازىم ئەمەس ئىدى. ئۇ شامالدەك يەڭگىل ئاياغلىرى بىلەن توپ ئىچىگە ئۆزىلا كىرىپ كېتەتتى. ھېلىقى جىم تۇرۇپ قالسا ئىچى پۇشۇپ قالىدىغان مىجەزى بولغاچقا ياتسىراش، قورۇنۇش، يېتىرقاش دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قارشى تەرەپ بىلەن بىردەمدىلا تونۇشۇپ كېتەتتى. جاۋۇلداق، سۆزمەن، يۇمۇرىستىك قىلىقلىرى

www.uyghurkitap.com





ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

بىلەن ئۇلارنى بىر پەس كۆلكە قوينىغا بۆلەپ، ئانا يوللۇق ئانىلارنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. قىزىق ئىش، شۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇيغۇ ئالەمدە تولۇق، سىمىز، ئۇستىخانلىق كەلگەن چوڭ ياشلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا ناخشىچىدەك، ئۇلار باشقا يەردىن ئەمەس، ئىدىقۇت باغرىدىن كەلگەندەك غەيرىي نورمال سىزىم ئىچىدە قالدى. كۈتۈش زالىنىڭ مۇلازىمەت پوكىيگە يۆلىنىپ تۇرغان شۇ خىلدىكى ئاياللارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، بۇ خىل سىزىم ئۇنىڭ ھەييار قىلىقلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۆز كۈچىنى تېخىمۇ بەكرەك كۆرسەتتى.

— سىزمۇ ئارتىسمۇ، ھەدە؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھېلىقى ئايالدىن.

— ھەئە.

— ناخشا ئېيتىدىكەنسىز دە؟

— شۇنداق.

— تۇرپاندىن كېلىشكەنزمۇ؟

ئايال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— سىزچۇ چىرايلىق قىزىم، ئۆزىڭىز نەدىن، كىمنىڭ بالىسى بولىسىز؟

— ئىسمىم ماھبەدەر، غۇلجىدىن كېلىشىم، داۋۇت موللام دېگەن كىشىنىڭ قىزى بولىمەن.

— توگچى داۋۇت موللامنىڭمۇ؟ ۋاھ، ئۆزىمىزنىڭ قىزىكەنسىزغۇ مانا...

ئۇلارنىڭ پارىڭىنى يېقىنلا يەردىن ئاڭلاپ قالغان، ئۆزلىرىگە مەسئۇل بولۇپ كەلگەن سادەت ئاپپاينىڭ جان-ئىمانى چىقتى. ئۇنى چاقىرتىۋالدى:

— ھەي، جىن، بېرى كەل.

ماھبەدەر كەلدى، سادەت ئاپپاي چىچىلدى:

— سىنىڭ مۇشۇ كاپ-كاپ ئاغزىڭ، مەختۇمسۇلانىڭ كۈچۈكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولدىغۇ، سەن ئۇ ئايالنى تونۇمسەن؟

— ياق.

— ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— ئۇ... ئۇ چاغدا مەن ئۈچ ئايلىق بوۋاقكەنمەن، مىللىي ئارمىيە ھەرەمباغنى ئازاد قىلغاندا، مېنى شۇ يەردىكى ئۆيىمىزدىن زاكامغا يۆگەپ ئېلىپ چىقىپ...

— مەن بۇلارنى سورىمىدىم، ئاڭلىغانمۇ دەۋاتىمەن؟

— ھەئە.

— ئەخمەتجان قاسىمىنىچۇ؟

— دادام سۆزلەپ بەرگەن.

— نومۇسقا ئۆلتۈردۈڭغۇ ئادەمنى، — سادەت ئاپپاينىڭ جەھلى قاتتى، — كۆزۈڭگە ناخشا چولپىنى بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتكەن ئۇ ئايال دەل ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ خانىمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، بىزنى قۇچىيەن ئالدىنقى سېپىگە ئېلىپ ماڭغان رەھبەرلەرنىڭ بىرى ماھىنۇر قاسىم بولىدۇ.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئىككىسى يېقىن ئاچا-سىڭىللاردىن بولۇپ قالدى. ماھىنۇر قاسىم ماھبەدەر ئىبراھىمنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا قالسا، ئۇنى چاقىرتىۋالاتتى. چايغا، دوستلار ئارا يىغىلىشلارغا ئېلىۋالاتتى. گەپكە سېلىپ، ئاغزىنى كوچىلاپ، پارىڭىدىن، چاقچاقلىرىدىن ھوزۇرلىناتتى.

— بىزنىڭ ماھبەدەر، — دەيدۇ ئۇ، — چاقچاق ۋە قىزىقچىلىقتا خېلى-خېلى كۆلكە چولپانلىرى بىلەن بەيگىگە چۈشەلەيدۇ، ئۇنى ئاياللىرىمىز ئارىسىدىن چىققان ھېسام قۇربانغا ئوخشاتساق ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

ماھىنۇر قاسىمنىڭ گېپىدە بىر ھەقىقەت، بىر ئوبيېكتىپ باھا بار ئىدى. بۇ يەردە ماھبەدەر ئىبراھىمغا يانداپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمەكتە ئىشلەيدىغان ئايىشەم ئەزىزنىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك. بۇ ئىككىسى ئاياللار-

رىمىز ئارىسىدىن چىققان، ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئىن-
كاسقا گەپ كەتمەيدىغان، مۆرىتى كەلسە ئەرلەرنىمۇ
پوش دېمەي چاقچاق سورۇنلىرىغا باشچىلاپ كىرىپ كې-
تىدىغان كۈلكە چولپانلىرىمىزدىن ئىدى. ئايالالار ئولتۇرۇ-
شى، چاي، توي - تۆكۈن، مېهماندارچىلىقلار ئۇلارسىز
قىزىمايتتى. سورۇننىڭ تۆرى، گەپنىڭ بېشى، چاقچاق ۋە
قىزىقچىلىقنىڭ پەيزىمۇ شۇلاردىن ئىدى. سەھنىلەردە
ئويۇن قويۇۋېتىپ پاۋۇزلارنىڭ ئارىلىقىدا بولۇنىدىغان
قىزىقچىلىقلار، يېزا - قىشلاقلارغا، سىرتلارغا ئويۇن قوي-
غىلى چىققاندا ئۈستى ئوچۇق گاز ماشىنىدا تىقىلىشىپ
ئولتۇرۇپ قىلىدىغان چاقچاقلار بىر دۇنيا ئىدى. ئەر -
ئايال، قېرى - ياشلارغا ئورتاق كېلىدىغان، بىر - بىرى-
نىڭ شەخسىيتى، ئىززەت - ھۆرمىتىنىڭ سىرتىغا چىقىپ
كەتمەيدىغان بۇ چاقچاقلار كۆڭۈللەرنى باھار ئاپتىپىدەك
يورۇتۇۋېتەتتى. كىشىلەر سەنئەت ئۆمەكنىڭ شۇ زامانلار-
دىكى ئاجايىپ يارقىن ئوبرازىنى ھېلىمۇ سۆيۈنۈش، ئىپتى-
خار بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 - يىللى-
رىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدى-
كى «سانائى نەفىسە» 40 - يىللاردىكى «ئىتتىپاق تىياتى-
رى» ئاساسىدا تەشكىللەنگەن مەزكۇر ئۆمەك زىكرى
ئەلپەتتادىن تارتىپ ئابدۇۋەلى جارۇللايوف، ئابلىزخان
مامۇت، ئابدۇكېرەش ئەلى، غوپۇر دىڭخۇلۇ، زوردۇن
شۆھ، قادىر رازى، رەخمەتكام چوقۇر، مەتتايىر ھەسەن،
ئەمەتجان بارات، ئابلاخان كېپەك، ھۆسەنجان ھەسەن،
ئامىنە قادىرغا ئوخشاش سەنئەت ساھەسىنىڭ سەرخىللىرى
توپلانغان مەركەزگە ئايلانغانىدى. ئۇلارنىڭ تۇرغان -
پۈتكىنىدىن سەنئەتمۇ، كۈلكە - چاقچاقمۇ تەڭلا تۆكۈلۈپ
تۇراتتى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى بىر تۈركۈم سەنئەتچى-
لەر خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى-
گە كېتىپ قالدى، يەنە بىر تۈركۈملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا
ئەللىرىگە كېتىپ قالدى. بىر مەزگىل نىسپىي جىملىقنى بې-
شىدىن كەچۈرگەن سەنئەت ئۆمىكى 70 - يىللارغا كەلگەن-
دە ئىككى نەپەر ئايال كۈلكە چولپىنىمىزنىڭ كۈلكىسى
بىلەن ئەسلىدىكى كەيپىياتىغا قايتتى. بۇ چاغدا ئۇلار كە-
سپتە پىشقان، قىزىقچىلىقتا تۆتىنىڭ ئالدى، تۆتىنىڭ كەينى
بولۇپ قالغانىدى.

ــ تاجىخان، جىنىم خوتۇن، مەزلۇم خەقنىڭ ئېغى-
زى بوش كېلىدۇ، بولسا مۇشۇ ئىش مەشەدىلا قالسا، ئاي-
لىقىم چىققاندا ساڭا چىرايلىق چىت كۆڭلەكتىن بىرنى
ئېلىپ بېرەي، ھالۋا ئورنىدا جىگدە يېلىمى يەپ سالغىنىم-
نى ئۇ تەرەپتە ھېسام، بۇ تەرەپتە ماھبەدەر بىلەن ئايشەم
ئاڭلاپ قالمىسا، بىلسەڭغۇ، ئۇ خەقنىڭ زۇۋانىنى باسقىلى
بولمايدۇ. كۈلكە بىلەن چاقچاققا دەسمىي قىلىدۇ. سورۇن
- سورۇندا سازايى قىلىپ، ئۇن تېينىغا بەش قىلىۋېتىدۇ.
قاراڭغۇدا يېلىم بىلەن ھالۋىنى پەرق ئېتەلمىگەن مېنىڭ
مۇشۇ كۆزلىرىم...

ــ ئارانلا شۇمۇ، ــ دەپ قورقاق سالاتتى تاجى-
خان، ــ پۈتۈمدىكى كالاچىنىڭ سۆڭى ئۈپراپ چۈشۈپ
قالاي دەۋاتىدۇ. ئۇدۇل قوشنىمىز رانىگۈل بېشىغا بۆرۈت-
مە ياغلىقتىن بىرنى ئارتىۋاپتىكەن، يارىشىپ كەتكىنى
ئەمدى...

ــ كۆڭلەك، كالاچ، ياغلىق... ھەممىسى سەندىن
ئايلانسۇن ئانىسى، دېگىنىڭنى كەم قىلمايمەن، پەقەت
مېنى ياشىغلى قويساڭلا...

مانا بۇ ئىلىدىكى تەسىرى بار مۇقامچىلىرىمىزنىڭ
بىرى، مەرھۇم ئابلاخان كېپەكنىڭ ئۆمۈر كەچمىشلىرىدى-
كى يۇمۇرىستىك تەركىبكە تەۋە، قاش - كۆزىگە پەقەتلا
ئەڭلىك بەرمىگەن كىچىككىنە بىر قىستۇرما. بۇ يەردە
دىققىتىمىزنى تارتىدىغان بىر نۇقتا بار. مەيلى كىم بولمى-
سۇن، بىلىپ - بىلمەي قىلىپ قويىدىغان بىمەنە قىلىقلىرى-
نىڭ چاقچاققا تۇترۇق تاپالماي يۈرگەن چاقچاقچىلار نە-
زىرىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەلۋەتتە ئېھتىيات قىلىدۇ. ئاب-
لاخان كېپەك ماھبەدەر ئىبراھىمنىڭ نامىنى مانا شۇ خىل



ئاتاغلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ 80
يىللىق خاتىرە كۈنىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىشىلەرنىڭ قاتارىدا تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن تىلغا ئالغان.
بىز يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۆمرىنى سەنئەت ساھەسىدە
ئۆتكۈزگەن، ھېلىمۇ ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان، ئارقا سەپكە
چېكىنىپ، ئۇزۇن يوللاردا تالغان ئاياقلىرىنىڭ ھاردۇقىنى
چىقارماي تۇرۇپ ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە تۆت قېتىم
چىقىپ ـ چۈشكەن، شۇنداقتىمۇ ئۆز كەسپىگە بولغان مۇ ـ
ھەببىتى تېخى سوۋۇپ قالمىغان، ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەت ـ
تىن توختاپ قالمىغان بۇ خۇشخۇي، كۈلگۈنچەك، ھازىر
جاۋاب كۈلكە چولپىنىمىزنىڭ سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە
سىڭدۈرگەن مىننەتسىز ئەمگەكلىرى بىلەنلا ئەمەس، ئىلى
خەلق چاقچاق سەنئىتىگە قوشقان مۇناسىپ تۆھپىسى بە ـ
لەنمۇ پەخىرلىنىمىز.

ماقالىمىزنىڭ باشلىنىش قىسمىدا ئېيتقىنىمىزدەك ما ـ
ھبەدەر ئىبراھىم ئالدى بىلەن بىر سەنئەتچى،
كەسپىي ئۇسسۇلچى، ئوتتۇز نەچچە يىللىق سەنئەت
ھاياتىدا ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ يېڭى دەۋرىدىكى يارقىن
جۇلاسىنى نامايان قىلدى. «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «داپ
ئۇسسۇلى»، «بۇخارىس ئۇسسۇلى» غا ئوخشاش قى ـ
يىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئۇسسۇللاردا ئۆز ماھارىتىنى
نۇقسانسىز جارى قىلدۇرۇپ، مىڭلىغان تاماشىبىنلارنىڭ
قەلبىدە ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇردى. ئۇنىڭ يەنە
سەھنە ۋە ئېكرانلاردا ئالغان رولى، ناخشا ـ مۇزىكا
ئىجادىيىتىدىكى ئەمگەكلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا
ئەرزىيدۇ. مۇنتىزىم كەسپىي مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمە ـ
گەن ماھبەدەر ئىبراھىم ھازىرغىچە 100 پارچىدىن
ئارتۇق ئاھاڭ ئىشلەپ، تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇرىغا
سۇندى. ئۇ ئىشلىگەن ئاھاڭلارنىڭ مېلودىيىسى
لەرزان، مىللىي ۋە يەرلىك پۇرىقى قويۇق، ئۇدارلىرى
ئەركىن، خەلق ناخشىلىرىغا يېقىن بىر لەيلىمە مۇڭ
بالقىپ تۇرىدىغان بولۇپ، كىشىگە ئۆزگىچە ئېستېتىك
لەززەت ئاتا قىلىدۇ. پاشا ئىشان ئىجراسىدىكى
«قوشماق يار»، «ناخشىچى قىزغا»، رابىيە مۇھەممەد
ئىجراسىدىكى «سۇبھى تاڭ»، «ئانا قەلبى»، ياقۇپ
ياقۇپ، ئۆمەرجان ئالىم، نۇرتاي قۇربانلار ئىجراسىد ـ
كى «بۇلبۇل ئۆلمەيدۇ»، «جانجان ئاتا»، «سالام
بەرگىن دېھقانغا» ئوخشاش نەچچە ئونلىغان ناخشىلار ـ
نى مىسال ئورنىدا كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. يەنە كېلىپ

بۇ ناخشىلارنىڭ تېكىستىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزى
يازغان، بۇ ناخشىلار خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ،
مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق
رادىئو ئىستانسىسى، ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسلىرى ـ
دا ئاڭلىتىلىپ كەلمەكتە. «نېمىشقا »، «سالام بەرگىن
دېھقانغا» ناملىق ئىككى پارچە ناخشىسى مەملىكەتلىك
3 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ماھبە ـ
دەر ئىبراھىم ئالدىنقى ئەسىر 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا
«دالا گۈلى ئېچىلدى» ناملىق قازاقچە دىرامىدا قازاق
قىزى ماھىرەنىڭ رولىنى ئالغانىنى ھېسابلىغاندا ئىلگە ـ
رى ـ كېيىن بولۇپ «تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان»،
«يېڭى يەر»، «ئانارخان»، «ۋىجدان سوتى ئالدىدا»
قاتارلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ 26 پارچە سەھنە
ئەسىرىدە باش رول، ئون پارچە سەھنە ئەسىرىدە ئا ـ
ساسلىق روللارنى ئالدى. «تامنى ئۆرۈپ قۇۋدا
بولۇش» دا پاتىمەنىڭ، «سەلقە ـ سەمەندە»دە
خانىنىڭ ئايالىنىڭ رولىنى ئېلىپ مەملىكەت، ئاپتونوم
رايون بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا
ئېرىشتى. ئۇلگىلىك تىياتىر «ئاق چاچلىق قىز»دا
باينىڭ ئانىسى خۇاڭ مونىڭ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»
قامچىلىنىدىغان دىراما «ئىبرەن يويۇرمىقى قىزارغاندا»دا
جياڭ چىڭنىڭ رولىنى شۇنچە تەبىئىي، ئەينەن ئېلىش
بىلەن جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. «ئاق بوز
ئات»، «يايلاق بۈركۈتى»، «رەنانىڭ تويى»، «خور-
لانغان ئەقىدە»، «بەربات بولغان مۇھەببەت» قا ـ
تارلىق فىلىملەرگە قاتنىشىپ ھەم رول ئېلىپ،
ئېكران سەنئىتىدىكى ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يەنە بىر
قېتىم نامايان قىلدى. «سۆيگۈ گۈلى»، «دوغا تىكىل ـ
گەن ھايات»، «رەھىمسىز تەقدىر»، «ئايالىمنىڭ
دوستى»، «ھىجران گۈلى»، «ئادىلنىڭ ئادىل ھۆكە ـ
مى» قاتارلىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ
رېژىسسورلىقىنى ئىشلىدى. قوشۇمچە سېنارىيىلەشتۈردى.
بىر تۈركۈم كومېدىيە، ئېتوتلارنى يېزىپ سەھنىلەش ـ
تۈردى. 100 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، شېئىر،
ناخشا تېكىستلىرى ھەر دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان
قىلىندى.

تىنىمسىز ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، ئەمگەك قىلىشنى

ياشاش مىزانى، تۇرمۇش پەلسەپىسى قىلغان بۇ تەلەپچان، مېھنەتكەش ئانا ھازىرمۇ سورۇنلارغا كىرسە بىر كىشىلىك كۆلكىسىنى كۆلۈپ، چاي، ئولتۇرۇش، توي-تۆكۈنلەرگە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ چاقچاقلىرى بىلەن رەڭ بېرىپ كەلمەكتە.

## ماھىبەدەر ئىبراھىم چاقچاقلىرى

### ئەركەك مايمۇن

ئاپەتلىك يىللاردا «تۆت كونا» نى يوقىتىش، كاپىتالىزمنىڭ جىن-شەيتانلىرىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش دېگەندەك ئىشلار تازا ئەۋج ئاپتۇ. ئارتىسلارنىڭ ئەيىنەككە قاراپ گىرىم قىلىشىمۇ شۇلار جۈملىسىدىن سانىلىپ، مەنئى قىلىنىپتۇ. ئۇلار سەھنىگە چىقىش ئالدىدا ئىككىدىن بىر بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ چىرايىغا قاراپ گىرىم قىلىدىكەن. بىر كۈنى قادىر دەيدىغان ئارتىس ماھىبەدەر ئىبراھىم بىلەن بىرگە گىرىم قىلىۋېتىپ سوراپتۇ:

— ماھىبەدەردە، گىرىمىم قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟

— ئالامەت، — دەپتۇ ماھىبەدەر ئىبراھىم، — شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىتىڭىزكى...

— قانداق، — دەپ قايتىلاپ سوراپتۇ ئۇ بىر خىل تەقەززالىق بىلەن.

ماھىبەدەر ئىبراھىم دەپتۇ:

— نەق ئەركەك مايمۇننىڭ ئۆزى بولدىڭىز.

### قولۇمدا گۈل

جاڭ-جاڭ سوغۇق بولۇۋاتقان بىر قىشلىقى ماھىبەدەر ئىبراھىمغا ناتونۇشلا بىر ئايالدىن تېلېفون كېلىپ قاپتۇ. قارشى تەرەپ ئۆزىنىڭ يىراق يەردىن كەلگەنلىكى، ماھىبەدەر ئىبراھىمنىڭ سەنئەت ۋە قىزىقچىلىقتىكى نامىنى كۆپ ئاڭلىغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ كېتىش ئارزۇيىنىڭ بارلىقى، شۇ تاپتا كونسۇل دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ قالغانلىقىنى تازىمۇ چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ كېتىپتۇ. ماھىبەدەر ئىبراھىم دەرھال ئالدىغا چىقىپ، ئۆيگە باشلىماقچى بوپتۇ.

ھېلىقى ئايال سوراپتۇ:

— سىزنى قايسى بەلگىڭىزدىن تونۇۋالالايمەن؟

— بۇ ئاسان، — دەپتۇ ماھىبەدەر ئىبراھىم، — قولۇمدا گۈل، قولتۇقۇمدا گىتار.

### ئىزدەپ يۈرۈش

ماھىبەدەر ئىبراھىم «كۈرەش، تەنقىد، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتى تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەردە «قارا يىپ»، «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەندەك بىر توقاي تۆھمەتلەرگە قېلىپ، كېچە-كۈندۈز نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپتۇ. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ بازاردا كېتىۋاتسا، خەلق ئەسكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ سوراپتۇ:

— تۈن كېچىدە بازاردا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— ئۇخلىيالمىدىم، — دەپتۇ ماھىبەدەر ئىبراھىم، — قېچىپ كەتكەن ئۇيقۇمنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

### ھەۋەس

مەھەللىدە شۇنداق چىرايلىق بىر قىز ئۆتۈپ كەتكەن بىر غالچا ئاداش بىلەن توي قىلىۋاپتۇ. «چىرايلىقنىڭ بىر ئەيىبى» دەپ، ھېلىقى قىز تولىمۇ ماختانچاقكەن. بىر كۈنى ئۇ ماھىبەدەر ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— قاراڭ، ماھىبەدەرھەدە، باشقىلار بىزگە شۇنداق ھەۋەس قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەۋەس قىلىۋاتقىنى مەنمۇ، ئېرىممۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەر ئىككىڭلار، — دەپتۇ ماھىبەدەر ئىبراھىم.

— قانداق دەيسىز؟ — دەپ قىزىقىپ سوراپتۇ ھېلىقى قىز.

ماھىبەدەر ئىبراھىم دەپتۇ:

— قاراڭ سىڭلىم، سىزدە چىراي دېسە چىراي، ئەقىل دېسە ئەقىل بار. ئېرىڭىز بولسا كېلىشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسە چوكا مۇزدەك قېتىپ، يۇقىرىدىكىلەرگە يەتتە پۈكۈلۈپ تەزىم قىلالايدۇ.

### سول تەرەپتىن

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىشلىرى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئالدى-كەينىدە بىر مەزگىل پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. سەنئەتچىلەرگە قىلغۇدەك ئىش قالماپتۇ. قانداق بولغان، ماھىبەدەر ئىبراھىم ياشلار قاتارىدا «خەلق ئەسكەرلەر قوشۇنى»نى كۈچەيتىش سېپىگە قېتىلىپ قاپتۇ. بىر كۈنى خەلق ئەسكەرلەر باشلىقى ئۇلارنى سەپكە تىزىپ، ئوڭغا بۇرۇلۇش ھەققىدە كوماندا بېرىپتۇ. ماھىبەدەر ئىبراھىمدىن باشقىلىرى ئوڭغا بۇرۇلۇپتۇ. پەقەت ماھىبەدەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىبراھىملا ئۇقۇشماستىن سولغا قاراپ ساپتۇ. جەھلى قاتقان باشلىق ماھىبەدەر ئىبراھىمدىن سوراپتۇ:

ــ كوماندىغا نېمىشقا بويسۇنمايسىز؟

ــ كەچۈرۈڭ باشلىق، ــ دەپتۇ ماھىبەدەر ئىبراھىم، ــ مەن تېخى دۈشمەنلەرنى سول تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ قالامدىكىن دەپتىمەن.

**كەينىمگە بۇرۇلۇپ**

قىشنىڭ قىلىن قار ياغقان بىر ئەتىگەنلىكى ماھىبەدەر ئىبراھىم خىزمەتكە خېلىلا كېچىكىپ قاپتۇ. ئۇ قاتتىق قول ئۇمەك باشلىقىغا ئۆزىنىڭ كېچىكىپ قېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپتۇ:

ــ كەچۈرۈڭ باشلىق، يول بەكلا تېيىلغاق بولغاچقا، ئالدىمغا بىر قەدەم ئالسام، ئارقامغا ئىككى قەدەم كېتىپ...

ــ بولدى، بولدى، ــ دەپ قاپىقىنى تۈرۈپتۇ ئۈمەك باشلىقى، ــ ئۇنداقتا بۇ يەرگە قانداق يېتىپ كېلەلىدىڭىز؟

ــ كاللامنى غاچچىدە ئىشلەتتىم، ــ دەپتۇ ماھىبەدەر ئىبراھىم، ــ ئۆي تەرەپكە قاراپ مېڭىپ ئالدىمغا بىر قەدەم، ئارقامغا ئىككى قەدەم...

**توخۇ گۆشى**

ھازىرقى باللارنىڭ قىلتاماقلىقىنى دېمەيسىز. ماھىبەدەر ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسىمۇ شۇنداقلارنىڭ تېپىدىنكەن. ئالدىغا چاي بىلەن تاماق كەلسە قانداقتۇر سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ يېمەي تۇرۇۋالىدىكەن.

بىر كۈنى نەۋرىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. جوزا ئۈستىنى قوي گۆشى، توخۇ دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىپتۇ. نەۋرىسى ئوخشاشلا يېمەي تۇرۇۋاپتۇ. ماھىبەدەر ئىبراھىم قايناپ قاپتۇ:

ــ جىنىم بالمەي، ــ دەپتۇ ئۇ نەۋرىسىگە چۈشەندۈرۈپ، ــ مانا بىزغۇ، سىلەردەك چاغلىرىمىزدا ئاچارچىلىق بولۇپ كېتىپ يەيدىغانغا زاغرا، ئىچىدىغانغا ئۇماچ تاپالماي قالغان، نۇرغۇن ئادەملەر ئاچارچىلىقتا چىدىماي قارىياغاچ پۇرىسى، بىدە كۆكى دېگەندەك نەرسىلەرنى يەپ، ئىششىپ ئۆلۈپمۇ كەتكەن.

ــ يەيدىغانغا نان تاپالمىغان بولساڭلار، ــ دەپتۇ نەۋرىسى غېمىدە يوق، ــ توخۇ گۆشى يېسەڭلار بولمامدۇ.

**يولدا قوشۇلغان ھەمراھ**

بىرسى ماھىبەدەر ئىبراھىمدىن سوراپتۇ:

ــ چىشلىرىم مەزگىلسىز چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ قاراڭ، سەۋەبى نېمىدىنكىن؟

ماھىبەدەر ئىبراھىم دەپتۇ:

ــ سەۋەبى بەكلا ئاددىي، چىش تۇغۇلغاندىن كېيىن چىققاچقا ۋاپاسىزلىق قىلىپ تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ، يولدا قوشۇلغان ھەمراھ ـ ھەمراھ ئەمەس دېگەن شۇ.

**سەۋەب**

تازىمۇ ئۇششاق سۆز بىر خوتۇن ماھىبەدەر ئىبراھىمغا دەپتۇ:

ــ قاراڭ ماھىبەدەر، يېقىنقىياقى ئۇخلىسام ئاغزىم پەقەتلا يۇمۇلمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، بۇ زادى نېمىنىڭ ئالامىتى بولغىيتى؟

ــ تېرە يېتىشمەسلىك كېسلى، ــ دەپتۇ ماھىبەدەر ئىبراھىم، ــ زىيادە سەمرىپ كېتىپ تېرىڭىز بەدىنىڭىزگە سىغماي قالغان گەپ. كۆزىڭىزنى يۇمسىڭىز، ئاغزىڭىزنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ.

**مەنغۇ تارتىنمايتتىم**

ماھىبەدەر ئىبراھىم قەھەتچىلىك يىللاردا بىر ئەمەلدار تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بېرىپ قاپتۇ. ئەمەلدار تۇغقىنىنىڭ نەزىرى ئۈستۈن ئايالى ئۇنى مەنسىتمەگەندەك ئالدىغا قۇرۇق ئەتكەن چاي بىلەن زاغرا ناننى ئەكېلىپ تاشلاپ قويۇپتۇ ـ دە، چايغا زورلاپ تۇرۇۋاپتۇ. ماھىبەدەر ئىبراھىم زاغرىنى چايغا چىلىسا چۆكۈپ كېتىدىكەن. تۇغقىنى ئۇنىڭ چىنىسگە قاراپ:

ــ قېنى چىنىگە نان سېلىڭ، تارتىنماڭ، ــ دەپ تەكەللۇپ قىلىپ قويىدىكەن.

ــ مەنغۇ تارتىنمايتتىم، ــ دەپتۇ قورسىقى ئېچىپ تۇرغان ماھىبەدەر ئىبراھىم، ــ بىراق نېنىڭىز قەۋەتلا تارتىنچاق ئوخشايدۇ. ئىزا تارتىپ چىنىنىڭ ئاستىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتىدىغۇ، تاڭ.

(ئاپتور: ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا)



# ئۇيغۇرلاردا داستىخان مەدەنىيىتى ۋە تەلىم - تەربىيە

شەرىپە ئابدۇغوپۇر

ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى قەدىمىي، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر، ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس فولكلورلۇق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پارلاق ۋە يۈكسەك بولغان كۆپ قاتلاملىق مىللىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. خۇددى فىلىپ جىياشىڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك، «شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ تارىختا مەدەنىيەت رايونى دەپ نام ئالغان». ئۇيغۇرلارنىڭ باي ۋە رەڭدار فولكلور مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش خىزمىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارغا قىزىقىدىغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش تولىمۇ مۇھىم دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن مەزكۇر ماقالەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئۆرپ - ئادەتنىڭ بىرى بولغان داستىخان مەدەنىيىتى يەنى، داستىخاننىڭ تارىخى، ماتېرىيالى، ئۇنىڭ تۈرلىرى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى، رولى ۋە داستىخان ئۈستىدىكى قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلەر، شۇنىڭدەك ئەۋلاد تەربىيىسى توغرىسىدىكى يۈزەكىي كۆز قاراشلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

داستىخان ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بىرى. «جوزىغا داستىخان سالمىسا ئۆيدىن بەرىكەت قاچىدۇ» دېگەن ئەقىدە قاراش بويىچە ئۇيغۇرلار ھەر كۈندىكى ئۈچ ۋاخ تاماقلىنىش، مېھمان كۈتۈش، توي - تۆكۈن، چاي زىياپىتى، نەزىر - چىراق ئىشلىرىنى داستىخانسىز ئادا قىلمايدۇ، شۇڭا داستىخان سېلىش ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى بىر مۇھىم مەدەنىيەت ئامىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





## 1. داستىخاننىڭ تارىخى

داستىخاننىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزاق. بۇنى بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «ئېچىل داستىخىنىم» ناملىق چۆچەكتىن كۆرۈۋالالايمىز. بۇنىڭدىن 1000 يىل ئاۋۋال ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مېھماننى ياخشى كۈتۈش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

4464. قىچقىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى،
قىچقىر، ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى.
4465. سېلىپ كۆرپە، داستىخان، قاچا تازا قىل،
يېمەك ـ ئىچمىكىڭنى ئوبدان خىللىغىن.

دەرۋەقە ئۇيغۇرلار «مېھمان كەلسە بەخت كېلىدۇ»، «مېھمان كەلسە ئۆيگە بەرىكەت ياغىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئائىلە مېھمان كەلسە كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىزغىن قارشى ئېلىپ، داستىخان سېلىپ ئەڭ ئېسىل تاماق تەييارلاپ كۈتىدۇ، بۇنىڭدىن بىز خەلقىمىزنىڭ داستىخانسىز مېھمان ئۇزاتمايدىغانلىقىنى، داستىخاننىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئومۇملىشىش تارىخىنىڭ ئىنتايىن ئۇزاقلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 2. داستىخاننىڭ ماتېرىيالى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

داستىخان ئادەتتە پاختا رەخت، يىپەك رەخت ۋە پارقىراق كىليونكا (سۇلياۋ)لاردىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. پاختا رەخت ۋە يىپەك رەختنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىق رولى يۇقىرى، بەدەنگە زىيانسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل داستىخانغا ئورالغان يېمەكلىكلەر ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. پارقىراق كىليونكا (سۇلياۋ) داستىخانلار ناھايىتى كۆركەم ھەم چىرايلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىمىيىلىك تالالاردىن ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن ھاۋا ئۆتكۈزمەيدۇ، يېمەكلىكلەرنى ئوراپ ساقلىغاندا ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن بىز بۇ خىلدىكى كىليونكا داستىخاننىڭ سۇ سىڭمەس ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن داستىخانغا تۆكۈلۈپ كېتىدىغان چاي ۋە ئاش ـ تاماقلارنىڭ داستىخاننى مەينەت قىلىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىمىز. مېھمانخانا ئۆيدىكى شىرە ئۈستىگە داۋاملىق سېلىپ قويىدىغان پاختا ۋە يىپەك رەختلىك قىممەت باھالىق داستىخانلارنىڭ ئاسان مەينەت بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈستىگە ئاق ياكى گۈللۈك سۇلياۋ داستىخانى سېلىپ قويىمىز. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىدىغان داستىخانلار كۆپىنچە گۈللۈك، گۈلسىز، چاقماق، تۆت چاسا، ئۈچ بۇرجەك، دۈگىلەك شەكىللەردە بولىدۇ. شۇڭا بىز داستىخان سېتىۋېلىشتا ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان جوزا (شىرە)نىڭ شەكلىگە قاراپ سېتىۋالىمىز ۋە ئىشلىتىمىز. ئادەتتە ئائىلىلەردە ئىشلىتىدىغان داستىخان بىلەن مېھمانلار ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان داستىخان ھەم توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراقلاردا ئىشلىتىدىغان داستىخانلار پەرقلىق بولىدۇ. مېھمانلارغا ئەڭ چىرايلىق، قىممەت باھالىق ھەم پاكىز داستىخاننى سالىمىز. مېھمان ئۈچۈن سېلىنىدىغان داستىخان ئەرزان باھالىق بولسا ھېچ گەپ ئەمەس، ئەمما، كىر، مەينەت داستىخاننى سېلىش مېھمانغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراقتا ئىشلىتىدىغان داستىخان تار ۋە ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ بىر ئۆي مېھمانلارغا تاماق سۇنۇشتا ساھىبخان ۋە كۈتكۈچىلەرنىڭ ئوتتۇرىدا بىمالال ھەرىكەت قىلىشتا داستىخاننى دەسسەپ قويماسلىقى ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن بۇ قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن قائىدە ـ يوسۇنلۇق مىللەتلەرنىڭ بىرى.

## 3. داستىخان ئۇقۇمىنىڭ كۆپ خىل مەنىسى

داستىخان ئۇقۇمى ئادەتتە ئائىلىلەردە، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراقلاردا سېلىنىشتىن ئىبارەت ئەسلي مەنىسىدىن باشقا يەنە كۆپ خىل مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن مېھماننى ئۇلۇغ بىلىدىغان مېھماندوست مىللەت بولغاچقا، ئۆيگە مېھمان كېلىشى بىلەن جوزا قويۇپ داستىخان راسلاش بىر قەدىمي ئەنئەنىگە ئايلانغان. بىزدە ئۆي ئىگىسىنىڭ مېھماننى كۈتۈش ئەھۋالىغا قاراپ: «داستىخىنى چوڭ»، «داستىخانلىق»، «داستىخىنى كىچىك»، «داستىخىنى يوق» دەپ قارايدىغان ئادەت سۆزلىرى بار. بۇ راستتىنلا شۇ ئائىلىنىڭ جوزىغا سالىدىغان داستىخىنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ياكى داستىخىنىنىڭ يوقلۇقىنى ئەمەس، بەلكى مېھمانغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ، مېھماننى كۈتۈشتىكى ئالاھىدە قىزغىنلىقى، مەردلىكى ۋە چۈپەيلىكىگە قارىتىلغان. شۇڭا ئەجداد-

لىرىمىز مېھمانغا سۇس قارايدىغان كىشلەرنى «سەللە يوغان ئىمان يوق، داستىخنى يوغان بىر نان يوق»، «تاۋار داستىخان، قۇرۇق ئۇستىخان »، «سەللە يوغان باش كىچىك، داستىخان يوغان نان كىچىك»، دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلاردا ئوغۇل ئۆيلەمەكچى بولغاندا قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ سۆز تاشلىغاندىمۇ داستىخان ئەۋەتىپ قويدۇق ياكى داستىخان تاشلاپ قويغان دەيدۇ. قىز تەرەپ بولسا كىرگەن لايىقا ئۆز قىزىنى بېرىشنى لايىق كۆرمىسىمۇ، كەچۈرۈڭلار بىز باشقىلارنىڭ داستىخىنىنى قوبۇل قىلىپ قويغانىكەنمىز دېگەن سۆز بىلەن ياندۇرىدۇ. قىز - يىگىت نىكاھ تويىدا قىزغا تويلۇق مېلى ئالغاندا تويلۇق مال ئىچىدە داستىخان بىلەن پەرتۇقنىمۇ قوشۇپ ئالىدۇ، قىزغا «ئاقلىق چاي» ئەكىرگەن كۈنى يۇرت - جامائەت ئالدىدا قىزنىڭ ئانىسىغا تويلۇق ماللارنى قويغان چاغدا، يىگىت تەرەپنىڭ ئەلچىسى ساندۇقنى ئېچىپ، ئالدى بىلەن داستىخان ۋە پەرتۇقنى قويۇپ: «قىزىمىزنىڭ داستىخنى كەڭ بولغاي، مېھمانغا خۇش چىراي ئاچقاي، سەھەر تۇرۇپ تۈڭلۈكنى ئاچقاي، ئۆيگە بەرىكەت ياغقاي... » دېگەنگە ئوخشاش تىلەكلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

### 4. داستىخاننىڭ رولى

1) داستىخاننىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىق ۋە كوللېكتىۋىزىملىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش رولى.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئىناق - ئىتتىپاقلىق ۋە كوللېكتىپچانلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا بۇ خىل بىرلىكنى ئالدى بىلەن ئائىلىدىن باشلايدۇ. يەنى ئۇيغۇرلار غىزالانغاندا بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرلىكتە داستىخانغا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگەن. بۇنداق بولغاندا ئائىلە ئەزالىرى كۆپرەك بىر - بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ ھەم سۆھبەتتە بولالايدۇ، ئۆزئارا بىللە بولۇش ۋاقتى كۆپىيىدۇ. ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئېلىپ بارىدىغان تۈرلۈك تەلىم - تەربىيە، كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشقا ئازادە، ياخشى سۆھبەتلىشىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاتا - ئانا ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت مۇستەھكەملىنىدۇ. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلاردا سېلىنغان داستىخاندا بولسا، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، ئەل - جامائەت ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ، تونۇشىدۇ، ھال - مۇڭ بولىدۇ، بىر - بىرىنىڭ خۇشاللىقلىرىغا ھەمدەمدە بولىدۇ ھەم قايغۇلىرىغا تەسەللى بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق بىر - بىرىگە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزىدۇ.

دېمەك، ئائىلىدە سېلىنغان داستىخان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى، بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ئاشۇرسا، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقتا سېلىنغان داستىخان ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، ئەل - جامائەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقنى ۋە كوللېكتىۋىزىملىق روھنى ئاشۇرىدۇ.

2) ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىكنى، ئاشلىقنى قەدىرلەش ئېڭى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى. شۇڭا ئائىلىلەردە ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماقلىنىشتا بولسۇن ۋە توي - تۆكۈن، نەزىر- چىراق ئىشلىرىدا بولسۇن نان ئۇۋاقلىرى ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن داستىخان سالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەگەر داستىخان ئۈستىدە ئۇۋۇلۇپ كەتكەن ۋە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى كۆرسە تېرىپ «بىسمىللاھىر راھمانىر رەھىم» دەپ پۈۋلەپ يەۋېتىدۇ ياكى داستىخانغا يىغىپ قۇشلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن پاكىز، ئېگىز ۋە ئادەم دەسسىمەيدىغان ئورۇنلارغا قويۇپ قويىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تاماقنى يەپ بولالماي ئاشۇرۇپ قويۇش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ، ھەركىم تاماقنى ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ مۇۋاپىق سېلىپ يەيدۇ. ئىسراپخورلۇق قىلىش، بۇزۇپ - چېچىش قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك فولكلور ئەنئەنىسىدە ھەششەمەتچىلىك ۋە ئىسراپخورلۇق ئەڭ يامان ئادەتلەر قاتارىدا ئەيىبلىنىپ كەلگەن. خەلقىمىز ئارىسىدىكى «ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت»، «يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇن»، «بىر تال دان، بىر تامچە قان»، «بار دەپ تۆكمە، يوق دەپ كۆپمە»، «ئاش قەدرىنى بىلمىسەڭ، ئاچلىق بىرەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جاجاڭنى»، «باردا پولدۇرۇڭ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ»، «ئىسراپ قىلىش، خاراپ قىلىش»... قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما بۈگۈنكى رېستوران مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئېسىل ئەنئەنىلەر ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلاپ داستىخانغا چۈشۈپ كەتكەننى ئەمەس، بەلكى تېخى قول تەگمىگەن تائاملارنىمۇ تۆكۈۋېتىشتەك ھەددىدىن ئاشقان ئىسراپچىلىق خاھىشلىرى باش كۆتۈرمەكتە. بۇ ھەممىمىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتىشى كېرەك. ئەۋلادلارغا قارىتا ئېلىپ بارىدىغان تەلىم ـ تەربىيىدە يەنىلا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان دۇردانىلەردىن پايدىلىنىشىمىز، ئالدى بىلەن ئىجابىي جەھەتتىن چوڭلار ئۆزىمىز ئۆلگە بولۇشىمىز كېرەك.

3) داستىخاننىڭ يېمەكلىكلەرنى ئوراپ ساقلاش رولى

داستىخان ئۈستىدىن ئاشقان نان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئوراپ قويغاندا پاكىز ۋە يۇمشاق، يېڭىچە ساقلىنىغلى بولىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، قولۇم ـ قوشنا، دوستلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن تاۋاق قىلغاندا داستىخانغا ئوراپ ئاپىرىدۇ. تاۋاق خام ۋە پىششىق تاۋاق دەپ ئايرىلىدۇ. ئادەتتە بازاردىن تەييار سېتىۋالغان يېمەكلىكنى چىرايلىق فارفۇر پارقىراق سۇلياۋغا ئوراپ ئاپىرىدۇ. ئەمما ئۆيدە راسلىغان پىششىق تاماقنى چوقۇم پاكىز ھەم چىرايلىق داستىخانغا ئوراپ ئاپىرىدۇ. بۇ، تاماقنىڭ ئىسسىقلىقىنى ساقلايدۇ.

**5. داستىخان ئۈستىدىكى قائىدە ـ يوسۇن ۋە تەلىم ـ تەربىيە**

داستىخاندىن ئىبارەت بۇ مېھرى ئىللىق ئاددىي رەخت نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى مىليونلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنتىنى ئەخلاق بېغىدا سۇغىرىپ، گۆدەك، سەبىي قەلبلەرگە قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ چېچەك ئاچقۇزۇپ كەلمەكتە.

داستىخان مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىش تارىخى ئۇزاق بولغاچقا، داستىخانغا ئالاقىدار بىر قاتار قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر شەكىللەنگەن. شۇڭا ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلەر بار. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش، پەرزەنتلەرگە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش، تازىلىقنى سۆيۈش، ئاشلىقنى قەدىرلەش قاتارلىقلار بىر گەۋدە قىلىنغان ئەخلاق كۆزقاراشلار داستىخان مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇيغۇرلار تاماق ئۈستىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بولۇپمۇ مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا داستىخانغا تاماقلار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاۋۋال چوڭلار، ئاندىن ياشلار تەكەللۇپ بىلەن قول سۇنۇپ، تاماقنى ئالدىرىماي، ئاۋاز چىقارماي، ھەركىم ئۆز ئالدىدىن ئېلىپ ئەدەپ بىلەن يەيدۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدىن قولنى ئۆزىتىپ ئاش ئېلىپ يېيىش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. باشقىلار تاماق يەۋاتقاندا تاماق يېيىشتىن توختاپ قول سۈرۈتۈشمۇ ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا قارشى تەرەپنىڭ داۋاملىق تاماقلىنىشى بىئەپ تۇيۇلۇپ توختاپ قالىدۇ. شۇڭا قورساق توق بولسىمۇ ھۆرمەت ئۈچۈن ئاز ـ ئازدىن باشقىلار بىلەن تەڭ ئېلىشىپ ھەمداستىخان بولۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. داستىخان ئۈستىدە چۈشكۈرۈش، يۆتىلىش توغرا كەلسە ھەرگىزمۇ بىللە تاماقلىنىۋاتقانلارغا قاراپ ئەمەس، بەلكى كەينى ياكى يان تەرەپكە قاراپ ئېغىزنى قول بىلەن توسۇپ تۇرۇپ چۈشكۈرۈش، يۆتىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا ئېغىزدىكى تاماق چۈشكۈرۈك ياكى يۆتەل بىلەن تەڭ داستىخان ئۈستىدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ يۈز ـ كۆزىگە چاچرىغاندىن سىرت، يەنە تاماقلىرىغا چاچراپ تاماق يېگۈچىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدۇ. مېھمان داستىخان يىغىلماستىن بۇرۇن ئالدىراپ تۇرۇپ كېتىش قائىدىسىزلىك ھېسابلىنىدۇ، تالاغا چىقىش زۆرۈرىيىتى بولغاندا داستىخاننى دەسسەپ ياكى ئاتلاپ ئۆتۈشكە، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىش ساھىبخانىنى، مېھمانلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مېھماندارچىلىق سورۇ-

نىدا، تاماق ئۈستىدە بۇرۇن تارتىش، بۇرۇن ـ قۇلاق
كولاش، مىشقىرىش، تۈكۈرۈش، تىرناق ئېلىش، جۇمە-
لىدىن ئاممۋى سورۇنلاردا شۇنداق قىلىش تەرتىپسىز-
لىك ۋە ئەڭ ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تاماق ئۈستىگە مېھمان كېلىپ قالغاندا
مېھماننى داستىخانغا تەكلىپ قىلىش قاتارلىق قائىدىلەر-
گە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز:
«كۆرپە سېلىش ھۆرمەت، داستىخان سېلىش ھىممەت»،
«داستىخان مېھمان بىلەن ئاۋات »، «ئايال كىشى
داستىخاندىن ئىززەت تاپىدۇ»، «ساھىبخانا سۈلكەتلىك
بولسا، داستىخىنى بەرىكەتلىك بولار»... قاتارلىق
ماقال ـ تەمسىللەرنى قالدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇس-
تەلگە داستىخان سالغاندا داستىخاننى ئوڭ سېلىش،
داستىخاننى قاتلاپ سالغاندا ئېچىلىدىغان تەرىپىنى يۇقى-
رىغا ئەمەس، بەلكى تۆۋەنگە قارىتىپ سېلىش كېرەك،
بولمىسا «ئۆيگە مېھمان كەلمەيدۇ»، «قىزلىق ئۆيگە
ئەلچى كىرمەيدۇ»، تاماقتىن كېيىن داستىخانغا قول ۋە
ئېغىز ـ بۇرۇن ئېرتسا شۇ كىشىنىڭ داستىخان ئۈستىدە
يۈزى تۆكۈلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ئۇيغۇر-
لارنىڭ بىر تەرەپتىن، ناھايىتى مېھماندوست مىللەت ئى-
كەنلىكىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، تازىلىقنى سۆيىدىغان، بو-
لۇپمۇ داستىخان تازىلىقىغا، داستىخاننىڭ كۆركەملىكىگە ئا-
لاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تاماقتىن كېيىن «ئاللا داستىخانغا بەرىكەت ئاتا قىل-
غايسەن» دەپ دۇئا قىلىش تەكىتلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز
يەنە «كۆرپە سالسا تىز ئۇيلار، داستىخان سالسا يۈز »،
«مېھماننىڭ ئالدىغا ئاش قوي، ئىككى قولنى بوش
قوي» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ
ئۆيىدە مېھمان بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىمۇ ئۆز ئۆيلىرىگە
تەكلىپ قىلىپ داستىخان سېلىپ مېھمان قىلماسلىقنىڭ ئۇ-
ياتلىق ئىش ئىكەنلىكى، ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ئىشقا
سېلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە نەسىھەتلەر قالدۇر-
غان.

شەمسۇلمائالى ئەبۇلھەسەن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمە-
رىدە كۆرگەن يالغۇز ئوغلى گىلانشانى تەربىيىلەش
شەكلى بىلەن پۈتۈن ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە
يازغان قابۇسنامىدە: «ئۆيۈڭدە مېھمان قوبۇل قىلساڭ،
تاماق يەيدىغان مېھمانلار كېلىپ داستىخاندا ئولتۇرۇشتىن
ئىلگىرى تاماقنى داستىخانغا ئەكېلىپ قويما. تاماق يېگەن-
دە ئالدىرىماي، ئاستا ـ ئاستا يېيىشنى ئادەت قىل. تاماق
يېگەندە بېشىڭنى تۆۋەن تۇتقىن، كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە قو-
لىغا ئالغان، ئاغزىغا سالغان لوقمىسىغا كۆز سالما. كىشى-
نىڭ قولىدىكى لوقمىسىغا قاراش ناھايىتى چوڭ ئەيىبتۇر»
دېگەن ھەم بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكايەت قالدۇرغان:

ساھىپ كاپى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن.
ئۇ پادىشاھ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ كاتىپ خادىملىرى بىلەن
تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، بىرىنىڭ قوشۇقىدا بىر تال قىل
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇ كىشىگە: «قوشۇقۇڭدا بىر
تال قىل بار، ئېلىپ تاشلىۋەت» دەپتۇ. ئۇ كىشى قوشۇ-
قىنى قويۇپ تاماق يېمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كې-
تىپتۇ، مەجلىس ئەھلى پەرىشان بوپتۇ. پادىشاھ ئۇ كىشى-
نى چاقىرتىپ: «نېمە ئۈچۈن تاماق يېمەي كەتتىڭ؟»
دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «قولۇمغا ئالغان لوقمىدا بىر
تال قىلنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىنىڭ ئالدىدا تا-
ماقنى قانداق يېيىشكە بولسۇن» دەپتۇ، پادىشاھ بۇ
سۆزنى ئاڭلاپ خىجىل بوپتۇ.

شۇڭا داستىخان ئۈستىدە مېھمانلار بىلەن بىر سو-
رۇندا بىرگە غىزالانغاندا ياكى ئائىلىدە مېھمان كۈتكەن-
دە، مېھماننى داستىخىنىمىز ئاددىي (غورىگىل ياكى
قاتتىق ـ قۇرۇق) بولۇپ قالدى دېگەن تەكەللۇپ سۆزلە-
رى بىلەن داستىخانغا قىزغىن تەكلىپ قىلىشقا بولىدۇ،
ئەمما مېھماننىڭ ياكى سورۇن ئەھلىنىڭ قولىغا ئالغان،
ئاغزىغا سالغان لوقمىسىغا قاراپ ئولتۇرۇش تولىمۇ ئەدەپ-
سىزلىك سانىلىدۇ، بۇنداق قىلغاندا مېھمان قورۇنۇپ
بىمالال غىزالىنالمايدۇ.

داستىخان مەدەنىيىتىگە، داستىخان ئۈستىدىكى قائى-
دە ـ يوسۇنلارغا كۆپچىلىك ناھايىتى قاتتىق ئەمەل قىلى-
مۇ، ئەمما ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يەنىلا داستىخاننىڭ
سۈپىتىگە، تازىلىقىغا، داستىخان ئۈستىدىكى قائىدە ـ يو-
سۇنلارغا ئېتىبار بىلەن قارىمايدىغان ئەھۋاللىرىنىمۇ ئۇچ-
رىتىپ تۇرىمىز. بەزى سورۇنلاردا ئىشلىتىلگەن داستىخان-
نىڭ ئوڭ ـ تەتۈرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بىر
قىسىم كىشىلەرنىڭ داستىخانغا دەسسەپ ماڭغانلىقىنى،

www.uyghurkitap.com



داستىخاندىن ئاتلايدىغانلىقى، بالىلارنىڭ بولسا داستىخاننىڭ ئۈستىدە ئويناۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇچرىتىپ قالىمىز. يەنە ئاز بىر قىسىم مېھمانلارنىڭ تائام ياكى يەل - يېمىشنى يەپ بولۇپلا، قولىنى داستىخانغا سۈرتىدىغان، داستىخان بىلەن پۇتىنى يۆگەپ ئولتۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بۇنداق ئەھۋاللار ئومۇمىيلىققا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما ئادەمنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. داستىخان ئىشلىتىشتە بۇنداق ناچار ئادەتلەرنىڭ كۆرۈلۈشى داستىخان مەدەنىيىتىمىزگە قىلىنغان ھاقارەتتۇر. شۇڭا، داستىخان ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، داستىخاننى ھەقىقىي ئەزىزلەپ مەدەنىي، پاكىز، سۈپەتلىك، رەتلىك داستىخان ئىشلىتىش ۋە داستىخان ئۈستىدىكى قائىدە - يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىش ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا ئۈلگە بولۇشىمىز ۋە ئۇلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان قائىدە - يوسۇنلىرىمىز ھەققىدىكى تەلىم - تەربىينى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

يىغىپ ئېيتقاندا، داستىخان مەدەنىيىتى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخنى بېشىدىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئىجابىي رولى بىلەن خەلقىمىز تۇرمۇش ئادىتىدە ساقلىنىپ ۋە داۋاملىق ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان، خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىق ۋە مۇڭ تەۋەشلىرىنىڭ نىداسىز گۇۋاھچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىتتىپاقلىق، مېھىر - مۇھەببەت، مەردلىك ۋە باياشادلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە خەلقىمىز تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلۇغلىنىۋېرىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى.

2. «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى.

3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» داستانى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىلى 11 - ئاي نەشرى.

4. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى.

5. شەمسۇلمائالى قابۇس: «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 - يىلى 1 - ئاي نەشرى.

6. ئابدۇكېرىم راخمان: «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكولتېتىدا)




«فېلىيەتوندا ئەكس ئېتتۈرۈلگەن تولاراق شۇ قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۆزگىچە نەزەر بىلەن كۆزەتكەن، بىلگەن ھادىسە، ۋەقەلىكلەرنى ھەقىقانىيەت زېمىنىدا تۇرۇپ ئۆزىگە خاس زېرەكلىك ۋە ماھارەت بىلەن تەھلىل قىلىپ، ھېچنېمىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، جەسۇرانە ھالدا ۋىجدانەن ئوتتۇرىغا قويغان يۈرەك سۆزىدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، فېلىيەتون مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن جۇشقۇنلۇق ھاياجاننىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ھەم شېرىن، ھەم چۈچۈك مېۋىدۇر.» مانا بۇ تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشىۋاسى، ئۇستاز تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى ئەپەندىنىڭ مەزكۇر ژانىرغا قارىتا ئاقىللارچە تەبىرى. يېقىندا «ئىزچىلار» كىتابخانىسى نەشرگە تەييارلىغان «كۆكۆلدىن كۆكۆلگە يول» ناملىق فېلىيەتونلار توپلىمى بۇ مۆھتەرەم قەلەم ساھىبىنىڭ «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ»، «ھەق سۆزلىگەن گۇناھ ئەمەس» (ئىككى قىسىم) قاتارلىق فېلىيەتون توپلاملىرىدىن كېيىن خەلقىمىزگە سۇنۇلغان يەنە بىر كۆكۆل سوۋغىسى. ئىشىنىمىزكى مەزكۇر كىتاب ھايات ھەققىدىكى تەپەككۇرىڭىزنى بېيىتىپلا قالماي، يەنە نۇرانە ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجايىپ سېھرىي كۈچى بىلەن ئەقلىڭىزنى لال قىلىدۇ.



# كۇچا نانلىرى

قۇربان كېبىر

كۇچا قەدىمدىن تارتىپلا مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى. كۇچانىڭ تىرىشچان، ئەمگەكچان خەلقى باشقا يۇرتتىكى قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ماددىي، مەنىۋى مىراسلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقاندىن سىرت يەنە، كۇچاغا خاس بولغان يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە نان مەدەنىيىتى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىدە نان نامىنىڭ «ئەتمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، يەنە توقاچ، قاتلىما قاتارلىق بىر تۈركۈم نانلارنى ئىزاھلىغان. بۇ، ئوتتۇرا ئەسىردە نان مەدەنىيىتىنىڭ ئاللىقاچان شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇر نانلىرىنىڭ تارىخى نەچچە مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

كۇچا خەلقى باشقا يۇرت خەلقىگە ئوخشاش تىرىشچان، ئىجادچان خەلق بولۇپ، ئۆزىگە خاس بولغان چوڭ نان، بىجاق نېنى، گىردە، قاتلىما قاتارلىق ئون نەچچە خىلدىن ئارتۇق نانلارنى ياققان ۋە بازارغا سالغان. بۇ نانلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق ئەسىرىدە كۇچا چوڭ نېنىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان ئالاھىدە مەھسۇلات ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

ئىگىلىشىمىزچە، ئىلگىرى كۇچا خەلقى ناننى ئۆز ھويلىسىدىكى تونۇرلاردا يېقىپ ئۆزى ئىستېمال قىلغان. كېيىنچە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى بىلەن يۇرت - يۇرتلاردا ناۋايخانىلار بەس - بەستە ئېچىلىپ، رىشت ھىمىت، سەمەت ناۋاي، مۇتەللىپ ناۋاي، ھىمىت ناۋاي، ئەخمەت ناۋاي قاتارلىق ناۋايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىزباسارلىرى ناۋايلىق ۋە نان مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغان. كۇچا چوڭ نېنى شەكلىنىڭ چوڭلۇقى، يېپىشلىكلىكى بىلەن ھەرقايسى يۇرتلاردا داڭقى بار. كۇچا چوڭ نېنى، كۇچانىڭ يېزا - قىشلاقلىرىغىچە يېقىلىپ ئىستېمال قىلىنغاندىن سىرت، باشقا يۇرتتىكى قېرىنداشلار ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ كەلمەكتە.

كۇچا نېنى ئۇن، تۇز، سۇ، خېمىرتۇرۇچ، پىياز، سىيادان، كۈنجۈت، زاراڭزا چېچىكى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىپ، ئېگىزلىكى 1.30 سانتىمېتىر، ئايلانمىسى ئۈچ مېتىر بولغان تونۇر، ئۇنىڭدىن باشقا كۆسەي، دىئامېتىرى بىر مېتىر ئەتراپىدىكى گېزىنە، چوقام (ئوت يىغىدىغان ئەسۋاب) پەشخۇن، چەككۈچ، تەڭنە قاتارلىق نان يېقىش جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار، سۆكسۆك، ئۆرۈك ئوتۇنى قاتارلىق يېقىلغۇلاردىن پايدىلىنىپ يېقىلىدۇ.

نان يېقىشتا ئالدى بىلەن تەڭنىگە مۇۋاپىق مىقداردا ئۇن ئېلىپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق سۇ، تۇز ۋە خېمىرتۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرىمىز. ئىككى سائەتتىن ئۈچ سائەتكىچە بولغان ئارىلىقتا تەييار بولىدۇ، خېمىر يۇغۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تونۇرغا ئوت يېقىپ، قىزىتىپ تەييار خېمىرنى مۇۋاپىق چوڭلۇقتا زۇۋۇلا قىلىپ تونۇر تىنغاندىن كېيىن ئۇششاق چانالغان پىيازغا كۈنجۈت، سىيادان، زاراڭزا چېچىكى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېچىلغان زۇۋۇلىنىڭ يۈزىگە سېپىپ، چەككۈچ چېكىپ، گېزىنىگە ئېلىپ ياقىمىز، نان ئۈچ مىنۇتتىن بەش مىنۇتقىچە بولغان ئارىلىقتا پىشىدۇ.

كۇچا نېنى ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بازار تاپقان، ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان يېشىل مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور: كۇسەن مۇزېيىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرى توغرىسىدا



مۇختار ياقۇپ

بالىلار ئويۇنلىرى — بالىلارنىڭ ئايرىلماس دوستى، يېقىن ھەمراھى. ئەسىرلەردىن بۇيان بالىلار ئويۇنلىرى نەچچە مىڭلىغان بالىلار بىلەن بىرگە ئۇيغۇر بالىلىرىنىمۇ ئۆز قوينىدا پەپىلەپ، ئۇلارغا چىدام - غەيرەتنى، باتۇرلۇقنى، زېرەكلىكنى، ئەدەپ - ئەخلاقنى ئۆگەتتى ھەم ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەربىيىلەپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار ئۆز بالىلىرىنىڭ كىچىكىدىنلا ئىسسىق - سوغۇققا ماسلىشالايدىغان، تۇرگۇن، شوخ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن بالىلارنى تۈرلۈك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ چېنىقتۇرىدۇ. بالىلار ئويۇنلىرى بولسا، بالىلارنى ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەربىيىلەيدىغان مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى رەڭدار، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، پەم - پاراسەت ھەم چېۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

تاققا - تۇققا ئويۇنى، دۇمدۇم ئويۇنى، قارا - قارا قۇشلارىم ئويۇنى، ئاق تېرەك، كۆك تېرەك ئويۇنى، قارىغۇ توشقان ئويۇنى، يۇلتۇز ساناش ئويۇنى، ياغلىق تاشلاش ئويۇنى، ۋاللەي ئويۇنى...

ئاق تاياق ئويۇنى، ئۆي ياساش ئويۇنى، چۇۋۇق ئات ئويۇنى، قوغلاشماق، مۆكۈشمەك، بەش تاش، مېھماندارچىلىق، پومزەك ئويۇنى قاتارلىقلار...

ئۇيغۇر بالىلىرى ئارىسىدا تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئويۇنلار تۆۋەندىكىچە:

**1. دۇمدۇم ئويۇنى:**

بۇ ئويۇن بالىلارنى ئىش قىلغاندا چاققان بولۇشنى، چەبداس بولۇشنى، مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئىنكاسى تېز بولۇشنى ئاساس قىلىپ ئويىنىلىدىغان، تەربىيىۋى خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولغان ئويۇن.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇن ئاساسەن كەچقۇرۇن

ئوينىلىدۇ، ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ. باللار بىر يەرگە توپلىشىپ، ئۆزلىرىگە بىر «باشلىق» سايلىۋالىدۇ. «باشلىق» بولغان بالا ئالدىنقى رەتتىكى بىر بالىنى ئال- دىغا چاقىرىپ ئۇنى «دۇمدۇم» قىلىدۇ. ئويۇن شۇنىڭ بىلەن رەسمىي باشلىنىدۇ، «دۇمدۇم» بولغان بالا بېشىنى «باشلىق»نىڭ تىزىغا قويۇپ ئولتۇرىدۇ، «باشلىق» بالا- نىڭ دۇمبىسىگە يېنىك ئۇرۇپ سورايدۇ:

— دۇمدۇم

— لەببەي، لەببەي.

— ئاپاڭ نەدە؟

— سامانلىقتا.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— تاماق ئېتىۋاتىدۇ.

— ماڭا قېنى؟

— تاختا بېشىدىن قاغا چوقىلاپ كېتىپتۇ.

— ماڭ تۇتۇپ كەل، — دەپ بالىنى تۇرغۇزىدۇ.

بۇ چاغدا باشقا باللار مۆكۈۋالىدۇ. «دۇمدۇم» بولغۇچى باللارنى ئىزدەيدۇ، تېپىۋالسا تۇنجى بولۇپ تاپقان بالا دۇمدۇم بولىدۇ، ئەكسىچە تاپالمىسا داۋاملىق «دۇمدۇم» بولىدۇ، ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

**2. مېھماندارچىلىق:**

بۇ ئويۇن باللارغا ئەدەپ - ئەخلاق، تۇرمۇش بى- لىملىرىنى ئۆگىتىدىغان، شۇنداقلا قائىدە - يوسۇن ئۆگىتى- دىغان ئەھمىيەتلىك ئويۇنلارنىڭ بىرى. شۇ سەۋەبلەر تۈ- پەيلى بۇ ئويۇن تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئو- يۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى ۋە تەلىپى: باللار ھويلىغا ياكى مەھەللىدىكى ئەپلىك جايغا يىغىلىپ، ئويۇننى باشلايدۇ. ياش چەكلىمىسىگە، سان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئاسا- سەن قىزلار كۆپرەك ئوينايدۇ، ئەڭ ئاۋۋال باللار ئائى- لە ئەزالىرىنى ھەم مۇناسىۋەتنى ئايرىۋالىدۇ. يېشى سەل چوڭلىرى دادىسى - ئاپىسى، كىچىكلەر باللىرى ھەم قوشنىلىرى، ساقچى، دوختۇر دېگەنلەر ئايرىلىدۇ. ئۇلار ئۆيدە كېرەك قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ قازان، چىنە، جوزا دېگەندەك نەرسىلەرنى ياسىۋالىدۇ، لايدىن نان، تاماقلارنى تەييارلايدۇ. شۇ تەرىقىدە ئويۇن نەچچە سائەت داۋاملىشىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇلار كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆزى قول سېلىپ ئەمگەك قىلىدىغان قائىدىلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ، بۇ ئويۇننىڭ باللار- نىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە رولى ئىنتايىن مۇھىم.

**3. قارا - قارا قۇشلارىم:**

بۇ ئويۇنمۇ خېلى كەڭ دائىرىدە تارقالغان ئويۇن- لارنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن باللارنى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقتۇرىدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى.

باللار كەڭ مەيدانغا ياكى چىملىققا بېرىپ تىزىلىدۇ. ئارىدىن بىرى «قۇش ئانىسى» بولىدۇ، بىرى سار بولى- دۇ. قالغانلىرى بولسا قۇشنىڭ باللىرى بولىدۇ. «ئانا قۇش» باللىرىنى كەينىگە تىزىلدۇرۇپ تۇرىدۇ. «سار» بولسا قۇشنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورايدۇ:

— قارا - قارا قۇشلارىم كەينىڭدىكى نېمىلەرىڭ؟

— ئۇششاق، ئۇششاق باللارىم.

— ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟

— كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ.

شۇنىڭ بىلەن «سار» بولغان بالا قۇشنىڭ باللىرى- نى تالىشىشقا باشلايدۇ. «ئانا قۇش» بولسا باللىرىنى قوغدايدۇ، ئارىدىن ئاجىزراقلىرى «سار»غا تەرپىدىن تۇ- تۇۋېلىنىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ، بۇ ئارق- لىق باللار كىچىكىدىنلا چېنىقىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ.

**4. ياغلىق تاشلاش:**

بۇ ئويۇنمۇ تا ھازىرغىچە باللار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئويۇنلارنىڭ بىرى. ھەتتا بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە دەرسىدىمۇ بۇ خىل ئويۇن ئوي- نىلىدۇ، بۇ ئويۇنمۇ باللارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيە- لەيدىغان ئويۇن.

بۇ ئويۇننى باللار كەڭرەك مەيدانلارغا بېرىپ ئوي- نايدۇ. ئادەم سانى كۆپ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، باللار دۈگىلەك بولۇپ ئولتۇرىدۇ، ئارىدىن بىر بالا چىقىپ قو- لىغا ياغلىق ئېلىپ باللار ئولتۇرغان دائىرىنى ئاستا ئايلە- نىپ يۈگۈرەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق بالىنىڭ كەينىگە قارىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، يۈگۈرگەن بالا ياغلىقنى ئۆزى خالىغان بىر بالىنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆز جايىغا قاراپ يۈگۈرەيدۇ. كەينىگە ياغلىق چۈشكەن بالا سېزىۋالسا ياغلىق تاشلىغان بالىنىڭ كەينىدىن قوغلايدۇ،

www.uyghurkitap.com





تۇتۇۋالسا ياغلىق تاشلىغان بالا ئوتتۇرىغا كىرىپ نومۇر
ئورۇندايدۇ، ئەگەر جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالسا قوغلىغان
بالا نومۇر ئورۇندايدۇ، كېيىندىن ئويۇننى يۇقىرىقى تە-
رىقىدە داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ ئويۇن باللارغا سەگەكلىكنى ئۆگىتىش بىلەن
بىرگە، ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقتۇرۇپ، ئۆز
رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**5. ئاق تاياق (چەمەچ) ئويۇنى:**

بۇ ئويۇنمۇ باللار قىزىقىپ ئوينايدىغان ئويۇن-
لارنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن بەزى جايلاردا چەمەچ ئويۇ-
نى دېيىلىدۇ. ئادەم سانى كۆپ ھەم چىدامچانلىقنى
تەلەپ قىلىدۇ، ئاساسەن ياز كۈنلىرى قاراڭغۇ چۈش-
كەندە ئوينىلىدۇ.

باللار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئويۇننى تەش-
كىللىگەن بالا باش بولۇپ باللار بىلەن «مۇشتۇم ـ
شاپىلاق» قول ھەرىكىتى قىلىپ سىنىشىدۇ. يېڭىلىپ
قالغان بالا ئويۇن بېشى تەرىپىدىن يىراققا تاشلانغان
ئاق تاياقنى ئىزدەشكە بارىدۇ. تېز سۈرئەتتە بەلگىلەن-
گەن دائىرىگە قايتىپ، تاياقنى قويۇپ مۆكۈۋالغان بال-
لارنى تاپىدۇ. كىمنى بالدۇر تېپىۋالسا، شۇ بالا داۋام-
لىق تاشلانغان تاياقنى ئىزدەشكە بارىدۇ. ئەگەردە
دەسلەپكى بالا تاياقنى ئېلىپ دائىرىگە كەلگىچە بىرەر
بالا كېلىۋالسا، يەنىلا دەسلەپكى بالا تاياقنى ئىزدەشكە
بارىدۇ، ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئويۇن باللارنى چىداملىق، غەيرەتلىك، قورقۇم-
سىز قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

**6. ئاق تېرەك، كۆك تېرەك ئويۇنى:**

بۇ خىل ئويۇن باللارنى ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشكە،
بىر ـ بىرىگە يول قويۇشقا ئۈندەيدىغان ئويۇن.

باللار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بەش ـ ئون
مېتىر ئارىلىق قويۇپ، بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرىدۇ، ھەر
ئىككى گۇرۇپپىدىكى باللارنىڭ بىر مېتىر ئالدىغا بىر
ئۇزۇن سىزىق سىزىلىپ قويىدۇ، بۇ، ئىككى گۇرۇپپىنىڭ
چېگرا سىزىقى بولىدۇ، بۇ رەسمىيەتلەر پۈتكەندىن كېيىن
ئويۇن باشلىنىدۇ.

ــ ئاق ـ تېرەك، كۆك تېرەك بىزدىن سىزگە كىم
كېرەك؟

قارشى گۇرۇپپىدىكى باللار بۇنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن جاۋابەن قارشى گۇرۇپپىدىكى بىر بالىنىڭ ئىسمىنى
ئاتايدۇ. ئىسمى چىققان بالا قارشى تەرەپكە يۈگۈرۈپ با-

ردۇ ـ دە، ئۆزى خالىغان بىر بالىنىڭ ئالقىنىغا ئۇرۇپ قاچىدۇ، ئالقىنىغا ئۇرۇلغان بالا كەينىدىن قوغلايدۇ. يۈگۈرگەن بالىنى چېگرا سىزىقىغا بارغىچە تۇتۇۋالسا قاچقان بالا قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەگەر چېگرا سىزىقىغا بارغىچە تۇتۇۋالمىسا، قوغلىغان بالىمۇ شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ، ئاخىرىغا بارغاندا ئىككى تەرەپ كۈچ سىنىشىدۇ، قايسى تەرەپنىڭ ئادىمى جىق بولسا شۇ تەرەپ ئۇتۇۋېلىپ، شۇ قېتىملىق ئويۇننىڭ يەڭگۈچىلىرى بولىدۇ.

**7. يۇلتۇز ساناش ئويۇنى:**

بۇ خىل ئويۇن ئاساسەن بەش ياشتىن يەتتە، سەككىز ياشقىچە بولغان بالىلار ئارىسىدا كۆپرەك ئوينىلىدۇ. يېشى چوڭراق بىر بالا «قول ھەرىكىتى» سىناش ئۇسۇلىدا يېڭىلىپ قالغان بالىنى يېنىغا چاقىرىدۇ. يېڭىلىپ قالغان بالا بېرىپ بېشىنى چاقىرغان بالىنىڭ تىزىغا قويۇپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرىدۇ، بۇ چاغدا قالغان بالىلار نۆۋەت بويىچە ئۆز ئالدىغا ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر بالا ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ، بىگىز قولى بىلەن يۇلتۇزلارنى شەرەت قىلىپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا ئويۇن باشلاپ بەرگەن بالا سۆزلەيدۇ، يۇلتۇز ساناپ ئۆتتى، كەينىدىن يەنە بىر بالا ئۆتىدۇ. ئۇ كىتاب ئوقۇغاننى دوراپ ماڭسا، يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە كىتاب ئوقۇپ ئۆتتى دەيدۇ. لېكىن ئىسمىنى ئاتىمايدۇ، شۇ تەرىقىدە ھەممە بالىلار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، بېشىنى قويۇپ ئولتۇرغان بالىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ـــ ماڭ بېرىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئۆتكەننى تاپ دەيدۇ. بالا ئۆز سەزگۈسىگە ئاساسەن بالىلار ئىچىدىن ئۇسسۇل ھەرىكىتى قىلىپ ماڭغان بالىنى تاپىدۇ، توغرا بولسا نۆۋەت شۇ بالىغا ئالمىشىدۇ، تاپالمىسا يەنە يۇقىرىقى تەرىقىدە ئويۇننى داۋام قىلىدۇ.

بۇ ئويۇنمۇ بالىلارنى چېچەن، سەزگۈر، ئىنكاس جەھەتتىن تېز بولۇشقا يېتەكلەيدىغان ئويۇن.

**8. ۋاللەي ئويۇنى:**

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ چەنلەش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدىغان ۋە يۈرەكنى تاۋلايدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئويۇن.

بۇ ئويۇندا مەخسۇس مەيدان ۋە ئالاھىدە قورال تەلەپ قىلىنمايدۇ، ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئوينىسىمۇ بولىدۇ.

بالىلار تۈز بىر مەيدانغا يىغىلىپ، رادىئۇسى 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر چەمبەر سىزىلىدۇ. چەمبەرنىڭ مەركىزىگە بىر كىچىك ئورەك كولىنىدۇ، ئاندىن بىر ئانا ياغاچ تەييارلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 80cm ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. ئاندىن يەنە بىر15cm ـ 10ئەتراپىدا بالىچۇق تەييارلىنىدۇ. ئويۇن باشلانغاندا ئىككى تەرەپتىن بىردىن بالا چىقىپ ئويۇن باشلاش ھوقۇقى تالىشىدۇ، باشلاش ھوقۇقى بار تەرەپ ئەزالىرى تەرتىپ بويىچە بالىچۇق ئۇرىدۇ. قارشى تەرەپ ئەزالىرى بالىچۇقنى يەرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن تۇتۇۋالىدۇ. ئەگەر تۇتۇۋالسا ئۇرغان تەرەپنىڭ ئۇرۇش ھوقۇقى كۆيگەن بولىدۇ. ئۇرۇش ھوقۇقى قارشى تەرەپكە ئۆتىدۇ، ئەگەر تۇتۇۋالالمىسا، بالىچۇقنى يەردىن ئېلىپ چەمبەردىكى ئورەككە ئاتىدۇ، ئورەككە چۈشسە ئۆتىدۇ، چۈشمىسە نۆۋەت ئالمىشىدۇ.

بۇ ئويۇن ھەم قىزىقارلىق، ھەم ئەھمىيەتلىك ئويۇنلارنىڭ بىرى.

دېمەك، بالىلار ئويۇنلىرى بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان، بالىلارنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەربىيىلەپ، چېنىقتۇرىدىغان مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى. دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمىز زامانىۋى ئويۇنچۇقلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى بىر نەچچە تۈرلۈك بالىلار ئويۇنلىرى بالىلار ئارىسىدا يەنى كەڭ يېزا ـ سەھرالاردىكى سەبىي، بىغۇبار ئۇيغۇر بالىلىرى ئارىسىدا يەنىلا ئوينىلىپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

پايدىلانغان كىتابلار:

ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى).

بالىلار ئەدەبىياتى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى).

ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) بەزى ئاغزاكى پايدىلانمىلار.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات 2004 ـ 3 ـ يىللىق سىنىپ)

# سېرىق ماي ۋە ئۇنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئايرىش



**دىلشات ھەبىبۇللا، مۇھەممەد ئىمىر**

سېرىقماي ئۇيغۇر خەلقى ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان، دورىلىق قىممىتى، ساقلىقنى ساقلاش رولى ئالاھىدە يۇقىرى يېمەكلىك.

كۆپ قىسىم كىشىلەر سېرىقمايىنى ئىستېمال قىلغىنى بىلەن ئۇنى ئايرىش ئۇسۇلىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ياۋروپا ئەللىرىدە سېرىقمايىنى ئادەتتە ماشىنىلاشقان شەكىلدە ئايرىيدۇ، ساپلىق دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ. تاغلىق رايونلىرىمىزدا سېرىقمايىنى كۆپ بىلەن ئايرىيدۇ. تۆۋەندە بىز كۆپ ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

كۆپ — ئادەتتە قارىغاي غولىدىن ياسىلىدۇ. كۆپ ياساشتا ئاستى ـ ئۈستى تەكشى، بىجىرىم ئۆسكەن دىئامېتىرى 25 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى سىلىندىرسىمان غولنى تاللاپ، بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىۋېلىپ، قوۋزىقىنى سويۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇيۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنى تەپەكشى ئىككى كاپا قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاستى ـ ئۈستى ئىككى تەرىپىگە تەكشى تاناپ تارتىپ، بىسى ئۆچلۇق پالتا بىلەن تاناپنى بويلاپ يەڭگىل ئۇرىمىز. قارىغاي ياغىچىدىن ياسالغان بىر نەچچە پانا پالتا ئىزىغا قىقىلىپ كەكە ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا ئۇرۇپ تەكشى ئاجرىتىلىدۇ.

غول ئىككى كاپا قىلىنغاندىن كېيىن ھېچقانداق يوچۇق قالمىغۇدەك، كەسمە يۈزى بىر ـ بىرىگە تەكشى جىپسىلانغانغا قەدەر رەندە، كەكە، چوت قاتارلىق سايمانلار ئارقىلىق تەكشىلىنىدۇ.

تەييارلانغان ماتېرىيال ئاستى (چوڭ) تەرىپىدىن تەخمىنەن 20 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى تامامەن ئاتالغۇ (مەخسۇس كۆپ ئويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان، ئۆزى ئەگرى ئۇچى يېرىم چەمبەر شەكىللىك ياغاچنى ھىلال ئاي شەكلىدە ئويىدىغان بىر خىل قەدىمي ئەسۋاب) ۋە كەكە ئارقىلىق ئويۇپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ماتېرىيالنىڭ ئىچى ئويۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئېكەك ۋە باشقا سايمانلار ئارقىلىق تەكشىلىنىدۇ ۋە سىلىقلىنىدۇ.

بۇ ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ ئىككى يېرىم غول قايتىدىن جىپسىلاشتۇرۇلۇپ (ئاستى ـ ئاستىغا، ئۈستى ـ ئۈستىگە كەلتۈرۈلۈپ) ئارچىنىڭ ئەۋرىشىم ياغىچىدىن دىئامېتىرى كۆپ ماتېرىيالىنىڭ دىئامېتىرىدىن بىر ئاز چوڭ بولغان چەمبەر شەكىللىك قاسقان ياساپ، ئۇنى ماتېرىيالنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ يېرىگە كىيدۈرۈپ، قاسقان بىلەن ماتېرىيالنىڭ ئارىلىقىغا پانا قېقىپ چىڭىتىمىز، چىڭىتىپ بولغاندىن كېيىن كۆپنىڭ ھەملىقىنى سىناش ئۈچۈن سۇ قاچىلاپ سىناپ باقىمىز. ئەگەر سۇ ئاقىدىغان ياكى تامچىلايدىغان، سىزىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە، شۇ جايغا يېڭى، پاكىز پاختىنى تىقىپ چىڭدايمىز. بۇ ئىشنى تاكى سۇ سىزمىغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن پىشتەك ياسايمىز. پىشتەك ئادەتتە قارىغاي ۋە ئارچىنىڭ تۈز ئۆسكەن ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ياسىلىش شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ. ياساش جەريانى مۇنداق:

**1 ـ خىل ئۇسۇل**

قېلىنلىقى، كەڭلىكى تەخمىنەن تۆت سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى كۆپ دىئامېتىرىدىن سەل كىچىكرەك (راۋان چىقىپ ـ چۈشەلىگۈدەك) بولغان، ئۆزئارا تەڭ ئىككى تال قۇرۇق ياغاچ پارچىسى ئوتتۇرىسىدىن ئويۇلۇپ بىر ـ بىرىگە كرېست شەكلىدە تەكشى كىرىشتۈرۈلىدۇ. كرېست شەكىللىك ياغاچنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۈز ئۆسكەن كەتمەن دەستىسى چوڭلۇقىدىكى قارىغاي ياكى ئارچا ياغى-

چى بىلەن ساپلىنىدۇ، يۇلغۇن ياكى غوز چاتقال ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان ياغاچ مىخ ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

**2 ـ خىل ئۇسۇل**

كىرىست شەكىللىك ياغاچ ئورنىغا كۆپنىڭ دىئامېتىرىدىن سەل كىچىكرەك بولغان، تۆت تەرىپىدىن مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى تۆشۈك تېشىلگەن ئاياغ ئىشلىتىلىدۇ. ئاياغ ساپقا مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئوخشاشلا ياغاچ مىخ ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. ياغاچ مىخ ئىشلىتىشتىن مەقسەت تۆمۈرنىڭ داتلىشىپ غەيرىي تەمنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كۆپنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش (ياغاچ مىخ ھۆللۈكتە كۆپۈپ يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ تۇرالايدۇ) ئۈچۈندۇر.

كۆپ ۋە پىشتەك ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆپنى تىك قويۇپ، پىشتەكنى سېلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، راۋان ھەرىكەتلىنىدىغان ياكى ھەرىكەتلەنمەيدىغانلىقى تەكشۈرۈلىدۇ. زورۇر تېپىلسا پىشتەك كۆپ ئىچىدە راۋان ھەرىكەتلىنەلىگۈدەك ھالەتتە كىچىكلىتىلىدۇ ۋە سىلىقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەرنى 20 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆپ لىققىدە كەلگۈدەك ھالەتتە كولاپ، كۆپنىڭ تېگىنى كىرگۈزۈپ مۇقىملاشتۇرىمىز.

**سېرىقماي ئايرىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى:**

ئۆلچەملىك ئۇيۇتۇلغان قېتىقنى كۆپكە چۆمۈچ بىلەن قاچىلايمىز. قېتىق مىقدارى بەك ئاز ياكى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. ئادەتتە ھەرىكەتنىڭ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن كۆپنىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىر قىسمى بوش قېلىشى كېرەك. ئاندىن پىشتەكنى كۆپكە سالىمىز. قېتىقنىڭ يەرگە چاچراپ كېتىشىنىڭ، چاڭ ـ توزان ۋە باشقا ھاشاراتلارنىڭ كۆپكە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆپ ئايلانمىسىدىن چوڭراق بولغان بىر پارچە پاختا رەختنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن پىشتەك سىپى پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىپ، پىشتەك سېپىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆپنىڭ يۈزىنى يېپىپ، ئەتراپىنى مەھكەم شوينىدا چىگىۋېتىمىز (ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن بۇيان ئاقنى ئۇلۇغلاپ كەلگەن بولغاچقا سۈت ـ قېتىق، قايماق، ئايران قاتارلىقلارنىڭ تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تازىلىققا رىئايە قىلمايدىغان، شەخسىي تازىلىقى ناچار ئاياللارنىڭ ئاقنىڭ قېشىغا بېرىشى چەكلەنگەن. تازىلىقى ناچار ئاياللار ئاقنىڭ يېنىغا كەلسە سۈت ئۈرۈپ قالىدۇ، ئايران بۇزۇلۇپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ).

سېرىقمايىنى ئايرىشتا ئەڭ مۇھىم بولغىنى كۆپ پىششىش جەريانىدۇر. كۆپ پىشقاندا سېپىنى چىڭ تۇتۇپ، قەددىمىزنى رۇسلاپ، پىشتەكنى دەسلەپتە ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى ـ تۆۋەن رىتىملىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ قېتىقنى سۇيۇلدۇرىمىز. قېتىقنىڭ سۇيۇلغان ياكى سۇيۇلمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا، ھەرىكەت جەريانىدىكى پىشتەككە سەرپ قىلغان كۈچنىڭ كىچىكلىگەن ياكى كىچىكلىمىگەنلىكىگە قارايمىز. ئەگەر قېتىق سۇيۇلۇپ بولغان بولسا، قولىمىزغا كەلگەن بېسىمنىڭ روشەن ھالدا يەڭگىللىگەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. قېتىق سۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرىكەت رىتىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، سېرىقمايىنىڭ ئايرىلىپ چىقىشىغا ئاساس ھازىرلايمىز. بۇ ھەرىكەتنى ئادەتتە بىر نەچچە مىڭ قېتىم تەكرارلايمىز. ئارىلىقتا پات ـ پات پىشتەك سېپىغا قاراپ، ئۇششاق ماي دانىچىلىرىنىڭ ئۇيۇشقان ياكى ئۇيۇشمىغانلىقىنى كۆزىتىمىز، ھەرىكەتنى ئۈزمەي ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرساق ئۇششاق ماي دانىچىلىرى تەدرىجىي پىشتەك سېپىغا چاپلىشىپ، ماي قەۋىتى تەدرىجىي قېلىنلايدۇ. ماي ئايرىشتا كۆپنىڭ تەڭشىلىشىنىڭ نورماللىقىنى ساقلاش ئەڭ قىيىن مەسىلىدۇر. كۆپ سوغۇق ياكى ئىسسىق تەڭشىلىپ قالسا ماينىڭ تولۇق ئايرىلىشىغا، ماي سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ باسقۇچتا كۆزىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ياخشى تەڭشەشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىز بۇ چاغدا پىشتەكنى يۇقىرىغا تارتىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىمىز بىلەن ماي دانىچىلىرىنى بېسىپ كۆرىمىز. ماي دانىچىلىرى بېسىلغاندىن كېيىن پىشتەك سېپىغا بەك چىڭ چاپلىشىپ قالغان بولسا، كۆپ ئىسسىق تەڭشىلىپ قالغان بولىدۇ. بۇ چاغدا بىز مۇزدەك سوغۇق سۇدىن مەلۇم مىقداردا (كۆپنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقىنى تەڭشىگۈدەك) قۇيىمىز. پىششىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرىمىز. ئەگەر ماي دانىچىلىرى قاتتىقراق بولۇپ بىر ـ بىرىگە يېپىشمىغان، پىشتەكتە توختىيالماي كۆپ ئىچىگە سىيرىلغان بولسا كۆپ سوغۇق تەڭشىلىپ قالغان بولىدۇ. بىز بۇ چاغدا مەلۇم مىقداردا قايناق سۇ قۇيۇپ كۆپنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقىنى تەڭشەيمىز.

ئۇنداقتا نورمال تەڭشەلگەن كۆپ قانداق بولىدۇ؟

ماي دانىچىلىرىنى باسقاندا پىشتەك سېپىغا بەكمۇ يې-

پىشىپ كەتمىگەن، قاتتىق - يۇمشاقلىقى نورمال، بىر - بىرىگە يېپىشىپ، پىشتەك سېپىنى بويلاپ كۆپ ئۇچىغا ئاستا سىيرىلىۋاتقان بولسا كۆپ نورمال تەڭشەلگەن بولىدۇ. بۇ چاغدا پىششىنى توختىتىپ، ئاستا - ئاستا ئىككى تەرەپكە چالغىتىمىز. بۇنىڭدىن مەقسەت كۆپ ئۇچىدىكى ماي دانىچىلىرىنىڭ تەدرىجىي يۇقىرىغا ئۆرلەپ ئۇيۇشۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈندۇر (مايىنىڭ زىچلىقى ئايراننىڭ زىچلىقىدىن كىچىك بولغاچقا ماي دانىچىلىرى تەدرىجىي يۇقىرى ئۆرلەپ، بىر - بىرىگە يېپىشىپ، كۆپتىكى مەھسۇلات تەدرىجىي ئېنىق ئىككى قەۋەتكە ئايرىلىدۇ).

ئۇنىڭدىن كېيىن قول پاكىز يۇيۇلۇپ، ئۇستىگە يېپىلغان رەخت ئېلىۋېتىلىدۇ. مايىنىڭ تولۇق يىغىلىپ بولغانلىقى جەزىملەشتۈرۈلگەندىن كېيىن قول سېلىپ، مايىنى يىغىپ پاكىز داسقا ئالىمىز، تولۇق ۋە پاكىز ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كۆپ ئاغزىنى يېپىۋېتىمىز.

مايغا ئارىلىشىپ قالغان ئايران تەركىبىنى ئايرىۋېتىش، مايىنىڭ ساپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن داستىكى ماي ئۇستىگە پاكىز سوغۇق سۇ قۇيۇپ مايىنى چايقايمىز. بۇ ھەرىكەت سۇدا ئايران رەڭگى قالمىغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ چاغدا كۆز ئالدىمىزدا ئىچ - ئىچىدىن سۈزۈك، پۇراقلىق سېرىقماي نامايان بولىدۇ.


كۆپ پىششىش جەريانىدا ھاسىل بولغان قوشۇمچە مەھسۇلات ئايراننىڭ تەمىنىڭ تاتلىق ياكى چۈچۈمەل بولۇشىغا ئاساسەن تاتلىق پىششىش ۋە ئاچچىق پىششىش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. يۇقىرىدا بىز ئاچچىق پىششىنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. تاتلىق پىششىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى قېتىق، سۈت، قايماق قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى تەڭلەشتۈرۈلۈپ، كۆپكە قۇيۇلۇپ پىشىلىدۇ، بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئايراننىڭ تەمى تاتلىق بولىدۇ.

ئادەتتە ھەر بىر قېتىملىق كۆپ پىششتا ئەڭ كۆپ بولغاندا تەخمىنەن بىر يېرىم كىلودىن ئىككى كىلوغىچە سېرىقماي ئايرىشقا بولىدۇ (ياپلاقتىكى ئوت - چۆپ، سۇ شارائىتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا قاراپ ئايرىلىدىغان سېرىقمايىنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ).

سېرىقماي ئايرىش جەريانىدا كۆپتە ئېشىپ قالغان مەھسۇلات ئايران دەپ ئاتىلىدۇ. ئايران قېتىقتىن ماي ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىنكى مەھسۇلات بولۇپ، ئادەتتە سۈتتىن قويۇقراق، قېتىقتىن سۇيۇق بولىدۇ. تەمى ئادەتتە چۈچۈمەل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، ئېگىزلىكتە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىققان باش ئاغرىقىنى داۋالاش رولى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئايران مېھمانلارغا ئۇسسۇزلۇق تەرىقىسىدە سۇنۇلىدۇ. ئىچ سۈرۈش كېسەللىكلىرىنى ئايران ئىچىش ئېتىپ داۋالايدۇ. ئېشىپ قالغان ئايراننى قازانغا قۇيۇپ، سۇس ئوتتا قىزدۇرۇپ قايىنىتىدۇ. قايىنىتىش جەريانىدا ئۇزۇن ساپلىق ياغاچ چۆمۈچ ياكى نوغۇچ ئارقىلىق داۋاملىق قوچۇپ قويۇلىدۇرىدۇ. مەلۇم قويۇقلۇققا يەتكەندە ئوت ئۆچۈرۈلۈپ تەدرىجىي سوۋۇتۇلىدۇ. سوۋۇتۇلغان مەھسۇلات پاختا رەختتە تىكىلگەن پاكىز خالتىغا قاچىلىنىپ، ئاغزى چىڭ بوغۇلۇپ، سۇرىگە (مەخسۇس قۇرۇت قۇرۇتۇش، گۆشلەرنى يېگى ساقلاش ئۈچۈن تۆت تال تىك ياغاچنىڭ بىر نەچچە توغرا ياغاچ قويۇلۇپ قۇراشتۇرۇلغان، ئۇستىگە چىغ يېپىتىلىپ ياسالغان بىر خىل قۇرۇلما) بىر كېچە - كۈندۈز ئېسىپ قويۇلىدۇ. سۈيى ئېقىپ تۈگىگەندىن كېيىن خالتا ئىچىدىكى مەھسۇلات سوغۇت (ئەسلى كېلىپ چىقىشى سوۋۇت بولۇپ يەرلىك شىۋىدە سوغۇت دەپ ئاتالغان) دەپ ئاتىلىدۇ. سوغۇتنى پاكىز داسقا تۆكۈپ، ئىككى قول بىلەن خېمىر ئەيلىگەندەك ئەيلەپ، چوڭ - كىچىكلىكىنى ياڭاق چوڭلۇقىدا يۇملاقلاپ، سۇرىگە رەتلىك تىزىپ قۇرۇتساق، بۇ مەھسۇلات قۇرۇت بولىدۇ. تاتلىق پىششتا ھاسىل بولغان سوغۇتقا مۇۋاپىق نىسبەتتە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ قۇرۇتۇلسا، بۇ قۇرۇت تاتلىق قۇرۇت دەپ ئاتىلىدۇ. مەيلى تاتلىق ياكى ئاچچىق بولسۇن، ھەر ئىككى خىل قۇرۇت ئەتىۋارلىق سوۋغات يېمەكلىكىدۇر. قۇرۇت قۇرىغاندىن كېيىن خالتىلارغا قاچىلىنىپ، سۇرىنىڭ بىر تەرىپىگە ئېسىپ قويۇلىدۇ. قۇرۇتمۇ بىر خىل ساقلاشقا ئەپلىك يېمەكلىك بولۇپ، چارۋىچىلار ياپلاقتىن قايتىپ كەلگەندە ئۆزلىرىدىن ھاردۇق سوراپ كەلگەن مېھمانلارغا سوۋغا تەرىقىسىدە سۇنىدۇ. داستىخانغا سېرىقماي ۋە قۇرۇت، گۆش تىزىپ ئۇلارنى مېھمان قىلىدۇ. ئېشىپ قالغان قۇرۇت ۋە سېرىقمايدىن قىشچە كۆكتات قىس مەزگىلدە قۇرۇت زىغى، شىلەمبەت، ھەجمەن قاتارلىق تائاملارنى ئېتىپ ئىستېمال قىلىدۇ، خاتىرە كۈنلەرنى تەبرىكلەيدۇ.

(ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە پۇسار چارۋىچىلىق مەيدان مەكتىپىدە)

# يىغىپ ساقلىغۇچى گىگانت - ئەخمەت تۆمۈر ئەپەندى
# يىغىپ ساقلاۋاتقان ئاسارە - ئەتىقىلەر


















www.uyghurkitap.com



# 美拉斯

# مىراس

## MIRAS

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001 定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road,Chaoyang District,P.O.Box88,Beijing 100020,PR China
E—Mail:expt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى ئەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
E-mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040